بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

# تىل ـ ئەدەبىيات (1)

لَا إِلَهَ إِلَّا اللَّهُ مُحَمَّدٌ رَسُولُ اللَّهِ



تىل ـ ئەدەبىيات (1)



ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

# ئۇستازلارغا

ھەمدۇ ـ سانالار بارچىنى يارىتىپ مۇكەممەللەشتۈرگەن، كائىناتنىڭ رەببى ھەم ئىنسانلارنىڭ رەببى بولغان يېگانە ھەقىقى ئىلاھ ئاللاھقا خاستۇر، ئۇنىڭغىلا ئىبادەت قىلىمىز، ئۇنىڭدىنلا ياردەم تىلەيمىز. دۇرۇت سالاملىرىمىز رەببىمىز رەھمەت قىلىپ ئەۋەتكەن يولباشچىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋاباتلىرىغا ۋە ساھابىلىرىگە بولسۇنكى، ئۇلارغا ئەگەشكەن بارلىق مۆئمىنلەرگە ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە مەغفىرتى ياغسۇن، ئاللاھ بىزنى ئۇلارنىڭ ۋارىسلىرىدىن قىلسۇن، ئامىن!

ھۆرمەتلىك قېرىنداش، قولىڭىزدىكى بۇ كىتابنى ئاللاھنىڭ ياردىمى بىلەن ئۈممەتنىڭ كەلگۈسى، ھەق دىنىنىڭ ۋارىسلىرى بولغان مۇسۇلمان پەرزەنتلەرنىڭ تەربىيىسى ئۈچۈن تەييارلىدۇق. مەزكۇر دەرسلىكنى توققۇز يىللىق مەجبۇرىي مائارىپنىڭ باشلانغۇچ 2 ـ يىللىق باسقۇچىدىكى (8 ـ 9 ياشلىق) بالىلارنىڭ سەۋىيىسىگە ئاساسەن، مۇكەممەل ئىسلامىي تەربىيە ئۈچۈن مەجبۇرىي مائارىپ دەرسلىكىنى پۈتۈنلەي ئۆزگەرتىپ تۈزدۇق(ئەسلى دەرسلىكتىكى مەزمۇنى ساغلام بولغان ئىككى تېكىست يەنى 2 ـ ، 18 ـ تېكىستلەر بىۋاستە كىرگۈزۈلدى).

مائارىپ پىروگراممىسىدا، تىل ـ ئەدەبىيات دەرسى بالىلارنىڭ ئەقلىي ۋە ئەخلاقى تەربىيىسىدە ناھايىتى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. چۈنكى تىل ـ ئەدەبىيات دەرسى ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلار تىل ئىشلىتىش قابىلىيىتى يېتىلدۈرۈش بىلەن بىرگە، تېكىستلەرگە سىڭدۈرۈلگەن قىممەت قاراشنى تەڭ قوبۇل قىلىپ ماڭىدۇ. قولىڭىزدىكى دەرسلىكنى ئاللاھنىڭ ياردىمى بىلەن ئىسلامىي قىممەت قاراشنى ئاساس قىلىپ، بالىلارنىڭ تىلنى چۈشىنىش، ئوي ـ پىكرىنى ئىپادىلەش ۋە تەپەككۇر

قىلىش قابىلىيەتلىرىنى يېتىلدۈرۈشنى مەقسەت قىلدۇق. بۇ دەسلەپكى نۇسخا بولغاچقا ئەلۋەتتە نۇرغۇن يېتەرسىزلىكلەردىن خالىي ئەمەس. ئەمما ئاللاھقا شۈكرىلەر بولسۇنكى، مەزكۇر دەرسلىك مۇسۇلمان پەرزەنتلەرنى ئىسلامىي ئاڭ بىلەن تەربىيىلەپ، ئۇلارنىڭ ئەقلىنى ئېچىپ، تەپەككۇر قىلىشقا يېتەكلەشتە ئەھمىيەتلىك دەرسلىك بولۇپ چىقىپ، بۇ جەھەتتىكى بوشلۇقنى تولدۇردى. دەرسلىكنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك چىقىشى ئاللاھنىڭ ياردىمىدۇر، ئۇنىڭدىكى نۇقسانلار بىزدىندۇر. ئاللاھ يولىدىكى تەربىيەتچى ئۇستازلارنىڭ دەرسلىكتىكى يىتەرسىزلىكلەرنى تۈزۈتۈپ پايدىلىنىشنى ۋە بىزنى خالىس دۇئالىرىدا ئەسلەپ قويىشنى سورايمىز. ئاخىرىدا رەببىمىزنىڭ بىزنىڭ خاتالىقلىرىمىزنى ئەپۇ قىلىشنى، بۇ ئەمگىكىمىزنى قوبۇل قىلىشنى، ئۇنى مەنپەئەتلىك قىلىپ بېرىشنى چىن دىلىمىزدىن سورايمىز، ھەمدۇ ـ سانالار ئاللاھقا خاستۇر.

**2013 ـ يىلى 4 ـ ئاي**

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

# ئوقۇغۇچىلارغا

ئۈممەتنىڭ ئەتىسى، ئىسلام دىنىنىڭ ۋارىسلىرى بولغان سەبىيلەر:

سىلەرنى بىز ئاللاھ يولىدا تولىمۇ ياخشى كۆرىمىز، چۈنكى سىلەر ھەق دىنىنىڭ ۋارىسلىرى، بىزنىڭ ئىزباسارلىرىمىز، دىنىنىڭ كەلگۈسى ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن سىلەرگە مەنسۇپ. كەلگۈسىدىكى بۇ بۈيۈك ۋەزىپىلەرنى ياخشى ئادا قىلىش ئۈچۈن، سىلەر نۇرغۇن بىلىملەرنى ئۆگىنىپ، رەببىڭلارنى، دىنىڭلارنى ئوبدان تونۇشىشىڭلار، ھەر تەرەپلەردە مۇكەممەل تەربىيىلىنىشىڭلار كېرەك.

سىلەرنىڭ ئاللاھ يولىدىكى تەربىيەڭلار ئۈچۈن، بۇ دەرسلىكنى تۈزۈپ چىقتۇق. بۇ ئارقىلىق ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن ئۆز تىلىڭلارنى ياخشى ئىشلىتىشنى ئۆگىنىپ، ئاللاھنىڭ سۆزلىرىنى چۈشەنگەيسىلەر، ھەق يولنى ئېنىق بىلگەيسىلەر، خەلقىڭلارنى شۇ ھەق يولغا چاقىرغايسىلەر. سىلەردىن ئۈمىدىمىز چوڭدۇر، سىلەر ئۈچۈن رەببىمىزگە دۇئا قىلىمىز، سىلەرمۇ بىزگە دۇئا قىلىشنى ئۇنتۇپ قالماڭلار، ئاللاھ سىلەرنى ھەق يولغا باشلىسۇن، سىلەرنى پەيغەمبىرىمىزنىڭ ۋارىسلىرىدىن قىلسۇن، سىلەرنى جەننىتىگە كىرگۈزسۇن، ئامىن!

**2013 ـ يىلى 4 ـ ئاي**

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

# مۇندەرىجە

## 1 ـ بۆلەك  باھار


1. خۇش كەپسەن، باھار!........................7
2. باھار........................ 10
3. ھەسەل ھەرىسى........................12
مەشىق باغچىسى........................16


## 2 ـ بۆلەك  مېھىر ـ شەپقەت


4. مېھىر ـ شەپقەتلىك ئاللاھ........................21
5. رەسۇلۇللاھنىڭ سۆيگۈسى........................24
6. مۇئمىنلەرنىڭ قېرىنداشلىق مېھرى........................28
مەشىق باغچىسى........................31


## 3 ـ بۆلەك  راستچىللىق


7. پەيغەمبىرىمىز ئەلئەمىن........................ 34
8. راستچىللىقنىڭ ئۈلگىسى ـ ئەبۇ بەكرى(رەزىياللاھۇ ئەنھۇ) ........................37
9. راستچىل بالا........................41
مەشىق باغچىسى........................ 48


## 4 ـ بۆلەك  ۋەدە


10. ئاللاھقا بەرگەن ۋەدىمىز........................52
11. ئامانەتدار خەلىپە ـ ئۆمەر(رەزىياللاھۇ ئەنھۇ) ........................56
12. سىز نېمە ئۈچۈن ۋەدىڭىزدە تۇردىڭىز؟........................60

مەشق باغچىسى........................................65

5 ـ بۆلەك ئاللاھنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى بايقاش

13. ئاللاھنىڭ مەخلۇقاتلىرىدىكى قانۇنىيەتلەرنى بايقاش...............69

14. نېمە ئۈچۈن؟........................................73

15. تېلفۇننىڭ ئىجاد قىلىنىشى..............................76

مەشق باغچىسى........................................79

6 ـ بۆلەك كەمتەرلىك

16. كەمتەر ئالىم........................................83

17. ھاكاۋۇر قارۇننىڭ ئاقىۋىتى..............................86

18. كۆرەڭ توخۇ........................................91

مەشق باغچىسى........................................94

7 ـ بۆلەك ئاللاھنىڭ مەخلۇقلىرىغا نەزەر

19. ئۆسۈملۈك كىتاب.....................................99

20. گۇللەر باھار كەلگەنلىكىنى «بىلەلەيدۇ»......................103

21. ئاللاھنىڭ مەخلۇقاتلىرى «سۆزلەيدۇ»........................108

مەشق باغچىسى........................................111

8 ـ بۆلەك «يۇلتۇزلار»

22. ھەقىقەت ئىزدىگۈچى سەلمان(رەزىياللاھۇ ئەنھۇ) ..................115

23. بەندىنىڭ قۇللۇقىدىن ئاللاھنىڭ قۇللۇقىغا ئۆتكەن بىلال(رەزىياللاھۇ ئەنھۇ).......122

24. ساھابىلەر........................................130

مەشق باغچىسى........................................133

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

# باهار

**1 ـ بۆلەك**




ئالتۇن قۇياش ئاللاھنىڭ رەھمىتىنى ئىللىق نۇرى بىلەن زېمىنغا چاچماقتا، ئىللىق ھاۋا، مەيىن شامال يۈزلىرىمىزنى سۆيمەكتە. ئاللاھنىڭ رەھمەت يامغۇرى بىلەن قىشچە ئۇزۇن ئۇيقىدا ياتقان ئۆلگەن زېمىننى جانلاندۇرۇپ ئويغاتتى. يۇمران مايسىلار، يېشىل بىدىلەر، دەرەخلەر ئۈستىدە يېڭىدىن ئورۇن ئالغان نازۇك يوپۇرماقلار يېقىملىق كۈلۈمسىرەپ ئاللاھنىڭ زېمىنغا يەنە بىر قېتىم ھاياتلىق بەرگەنلىكىنى تەبرىكلىمەكتە. ئويغانغان تەبىئەت ئاللاھقا ئالقىشلار ياغدۇرۇش بىلەن ئۆز رەببىگە يېڭى بىر يىللىق تەسبىھىنى باشلىۋەتتى. سىز ئاڭلىمىدىڭىزمۇ ھەسەل ھەرىلىرىنىڭ

گۈگۈلداشلىرىنى، قارلىغاچلارنىڭ ۋىچىرلاشلىرىنى، سۈزۈك سۇلارنىڭ شىلدىرلاشلىرىنى .....

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

# 1. خۇش كەپسەن، باھار !



**تەبىئەت سۈكۈت** ئىچىدە ئىدى. ھەممە ئۇيقىدا.

كۈنلەر ئۆتىۋاتاتتى. ھەممە بىر كاتتا ئىشنى **تەشنا** بولۇپ كۈتمەكتە. مانا ئۇ كەلدى ! كۈتكەن ۋاقىت يېتىپ كەلدى !

قۇياش بۈگۈن بۇرۇنلا كۈلۈمسىرەپ چىققان ئىدى. ئۇ بۈگۈن

**hararitini** ناھايىتى سېخىيلىق بىلەن چېچىۋاتاتتى.

مانا، زېمىنغا يەنە بىر يىللىق **رەھمەت** ياغدى!

※ زېمىنىنىڭ **رەببى** ئاللاھ ئۇنى يەنە بىر قېتىم تىرىلدۈردى. مۇز توڭلاپ جىم-جىت قېتىپ قالغان ئۆستەڭلەر بۇ ئىلاھى **ئەمرىنى** ئاڭلاپ، تېزلىكتە ئېرىپ، رەببىگە **تەسبىھ** ئېيتىپ شىلدىرلاپ ئاقتى. سارغىيىپ قالغان چىملىقلار، بىدىلىكلەر قايتىدىن يېشىللىققا پۈركەندى. ياپىپېشىل بۇغداي مايسىلىرى ئۆزلىرىگە ھاياتلىق بەرگەن رەببىگە تەسبىھ ئېيتىپ، **مەيىن** شامالدا ئىغاڭلىماقتا.

ۋاھ! قىشتىن بىرى يالىڭاچلىنىپ قالغان ئۆرۈك دەرىخى نېمانچە گۈزەل **بىزەنگەن!** رەببىگە تەسبىھ ئېيتىشتا ئۇمۇ بوش كەلمەپتۇ، جۇمۇ! مانا شاپتۇل، ئالما، نەشپۈتلەرمۇ ھاياتلىق تونى كىيىپ، **بەس-بەستە** رەببىگە **مەدھىيە ياڭرىتىۋاتىدۇ**. ※

قاراڭ، بۇ جانىۋارغا! كىچىككىنە ھەسەل ھەرىسى ئەجەپ ئالدىراش ئىكەن، ئۇمۇ رەببىگە تەسبىھ ئېيتىشقا ئۆزىنى ئاتىۋەتكەن ئوخشىمامدۇ؟! گۈللەردىن گۈللەرگە قونۇپ ئۆز ۋەزىپىسىنى نېمانچە **ئەستايىدىل** ئورۇندىغان-ھە! قارلىغاچلار ۋە **تۈرلۈك-تۈمەن** قۇشلار ياڭراق ئاۋازى بىلەن چۇڭقۇلداپ، پۈتۈن تەبىئەت دۇنياسىدىكى مەخلۇقاتلارغا ۋاكالىتەن تەسبىھ ئاۋازىنى جاراڭلاتماقتا: سۇبھانەللاھ، تەبىئەتنىڭ رەببى ئاللاھ پاكتۇر!

ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ، تەبىئەتنىڭ ۋە ئىنسانلارنىڭ رەببى ئاللاھقا شۈكۈر **ھەمدۇ-سانالار** بولسۇنكى، خۇش كەپسەن باھار!...

## كۆنۈكمە

1.تېكستنى ئەدەبى تىلدا توغرا، راۋان ۋە ھېسياتلىق ئوقۇشنى مەشىق قىلىڭلار.

2.بەلگە قويۇلغان ئابزاسنى يادلىۋېلىڭلار.

3.تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىۋېلىڭلار:

تەبىئەت سۈكۈت تەشنا ھارارەت رەھمەت رەب

ئەمىر تەسبىھ مەيىن بىزەنمەك بەس ـ بەستە ياڭراتماق

ئەستايىدىل مەدھىيە تۈرلۈك ـ تۈمەن ھەمدۇ ـ سانا

4.سۆز بىرىكمىسى تۈزۈڭلار:

ـــــــ رەببى لەرزان ـــــــ بەس ـ بەستە ـــــــ

ئەستايىدىل ـــــــ تۈرلۈك ـ تۈمەن ـــــــ

5. باھار پەسلىدە ئاللاھ زېمىندا قانداق ئۆزگىرىشلەرنى پەيدا قىلىدۇ؟

6. باھار پەسلىدىكى ئۆزگىرىشلەردىن ئاللاھنىڭ قانداق سۈپەتلىرىنى بىلەلەيمىز؟



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

# 2. باھار

(يۈسۈپ خاس ھاجىپ)



ئەسلى تېكىستى :

قۇرىمىش يىغاچلار تونادى ياشىل،
بەزەندى يىپۈن ئال سارىغ كۆك قىزىل.

تۈمەن تۈ چېچەكلەريازىلدى كۈلە،
يىپار تولدى كافۇر ئازۇن يىد بىلە.

ياغا تۇرسۇ ياغمۇر يازىلسۇ چېچەك ،

قۇرىلمۇش يىغاچتىن سالىنسۇ كۈزەك .

يەشمىسى :

قۇرۇغان ياغاچلار كىيىنىدى يېشىل ،
بىزەندى توق قىزىل، ھال، سېرىق، كۆك، قىزىل .

تۈمەن رەڭ چىچەكلەر ئېچىلدى كۈلۈپ ،
**ئىپار، كافۇر ھىدىغا** دۇنيا تولۇپ.

يېغىپ تۇرسۇن يامغۇر، چىچەك گۈللىسۇن ،
قۇرۇغان دەرەختە **بىخلار** كۆكلىسۇن.

## كۆنۈكمە

1. شېئىرنىڭ يەشمىسىنى ئەدەبىي تىلدا توغرا، راۋان، ھېسياتلىق ئوقۇشنى مەشىق قىلىڭلار ھەمدە يادلىۋېلىڭلار.
2. سېلىشتۇرۇپ ئوقۇپ بېقىڭلار.
قۇرمىش ــــ قۇرۇغان ياغمۇر ــــ يامغۇر يىد ــــ ھىد
3. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىۋېلىڭلار ھەمدە سۆز بىرىكمىسى تۈزۈڭلار.
ئىپار ـــــــ،ـــــــ ـــــــ،ـــــــ ھىد

كافۇر ـــــــــ، ـــــــــ ـــــــــ ، ـــــــــ بىخ

4. سىلەرنىڭچە شېئىرنىڭ ئاخىرىغا قانداق مەزمۇنلارنى قوشساق تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ؟ ئويلىغانلىرىڭلارنى يېزىپ بېقىڭلار.

ئاپتور ھەققىدە: يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ 11 ـ ئەسىردە ياشىغان تالانتلىق مۇتەپەككۇر شائىرى ۋە دانىشمەن ۋەزىرى. بۇ شېئىر ئۇنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» ناملىق كىتابىدىن ئېلىندى.

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

# 3. ھەسەل ھەرىسى






**رەڭگارەڭ** ئېچىلغان گۈللەر ئارىسىدا كىچىككىنە ھەسەل ھەرىسى ئالدىراش ئىشلەۋاتاتتى. ئۇ زادى نېمىگە ئالدىرايدىغاندۇ؟ بۇ

كىچىككىنە جانىۋار زادى نېمە قىلىدىغاندۇ؟ يۇرۇگلار، بىز ھەسەل ھەرىلەر پادىشاھلىقىغا بېرىپ، **ساياھەت** قىلىپ كېلەيلى!

ئاللاھ ھەر بىر **مەخلۇقاتنى ھېكمەت** بىلەن ياراتقان. ئۇشچان ھەسەل ھەرىسىنىمۇ ئاللاھ نۇرغۇن ھېكمەتلەر ۋە پايدىلىق **ۋەزىپىلەر** ئۈچۈن ياراتقان. بۇ توغرىلىق قۇرئان كەرىمدە، ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «رەببىڭ ھەسەل ھەرىسگە ئىلھام بىلەن بىلدۈردى: ‹تاغلارغا، دەرەخلەرگە ۋە (كىشىلەرنىڭ ھەسەل ھەرىلىرى ئۈچۈن) ياسىغان ئۆيلىرىگە ئۇۋا تۈزگىن. ئاندىن كېيىن تۈرلۈك مېۋىلەردىن (يەنى گۈل-چېچەكلەردىن) يېگىن، رەببىڭنىڭ يوللىرىغا ئىتائەتمەنلىك بىلەن كىرگىن› . ئۇنىڭ قارنىدىن ئىنسانلارغا شىپا بولىدىغان خىلمۇ-خىل رەڭلىك ئىچىملىكلەر چىقىدۇ، بۇنىڭدا پىكىر قىلىدىغان قەۋم ئۈچۈن ئەلۋەتتە **ئىبرەت** بار» (سۈرە نەھل، 68-69-ئايەتلەر). ئاللاھ ھەر تۈرلۈك جانلىقلارنى توپلىشىپ، بىر **مىللەت، جامائەت** بولۇپ ياشايدىغان قىلغان. بۇ ھەقتە قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېيىلگەن :«مەيلى يەر يۈزىدە ماڭىدىغان ھايۋان بولسۇن، مەيلى ئىككى قانىتى بىلەن ئۇچىدىغان ئۇچار قۇش بولسۇن، ھەممىسى سىلەرگە ئوخشاش ئۈممەتلەردۇر. لەۋھۇلمەھفۇزدا ھېچ نەرسىنى چۈشۈرۈپ قويمىدۇق، كېيىن ئۇلار رەببىڭنىڭ دەرگاھىغا يىغىلىدۇ» (سۈرە ئەنئام، 38-ئايەت). دېمەك، ھەسەل ھەرىلىرى توپى ئاللاھ ئىلھام قىلغان ۋەزىپىلىرىنى **تەرتىپلىك** ئورۇنداش ئۈچۈن بىر چوڭ پادىشاھلىق قۇرۇپ ياشايدۇ.

※ھەسەل ھەرىلىرى توپىدا بىر دانە چوڭ چىشى ھەرە بار بولۇپ،

«ئانا ھەرە» دەپ ئاتىلىدۇ. چۈنكى پەقەت ئانا ھەرىلا تۇخۇم تۇغالايدۇ. ھەرىلەر توپىدا يەنە بىر قانچە ئەركەك ھەرىلەر بولۇپ، ئانا ھەرە بىلەن جۈپلىشىدۇ. ھەرىلەر توپىدىكى قالغان ھەرىلەر ئىشچى ھەرىلەر بولۇپ، بىر تۈركۈمى تۇخۇملارنى **ئاسراپ لىچىنكىلىرىدىن** چىقىشىغا، يەنە بىر تۈركۈمى بولسا گۈل چاڭلىرىنى يىغىشقا مەسئۇل.

باش ئەتىيازدا ئانا ھەرە تۇغقان تۇخۇم ھەرە كۆنىكىدە بىر قانچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن «قۇرت»قا ئايلىنىدۇ، يەنە بىر قانچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن قۇرت چوڭىيىپ ۋە سەمرىپ باشقا بىر ھالەتكە يەنى «قورچاق»قا ئايلىنىدۇ. قورچاق ھالىتىدە بىر مەزگىلنى ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، ئۇ **بىجىرىم يېتىلگەن** ھەسەل ھەرىسىگە ئايلىنىدۇ. قۇرتتىن ھەرىگە ئايلىنىش جەريانلىرىنى «ھالەت ئۆزگەرتىش» دەپ ئاتايمىز. ئاللاھنىڭ يارىتىشىغا قاراڭ! شۇنچە **مۇكەممەل** ۋە تەرتىپلىك !※

مانا رەڭگارەڭ ئېچىلغان گۈل-چىچەكلەر ئارىسىدا ئۇماق، كىچىك **جانىۋار** ھەسەل ھەرىسى ئالدىراش ھالدا گۈل چاڭلىرىنى يىغىۋاتىدۇ، ئۇ بىر تەرەپتىن كىشىلەرگە **شىپالىق** ھەسەل تەقدىم قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن گۈللەرنى چاڭلاشتۇرىدۇ، بۇ ئارقىلىق ئۆز رەببىگە شۈكرى ئېيتىپ، ئۇنىڭ ئەمرىنى ئورۇندايدۇ.

**كۆنۈكمە**

www.uyghurkitap.com

1.تېكىستنى ئەدەبىي تىلدا توغرا، راۋان ۋە ھېسسىياتلىق ئوقۇشنى مەشىق قىلىڭلار.

2.بەلگە قويۇلغان ئابزاسنى يادلىۋېلىڭلار.

3. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىۋېلىڭلار:

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| رەڭگارەڭ | مەخلۇقات | ساياھەت | ھېكمەت | ئىشچان |
| ۋەزىپە | ئىبرەت | تەرتىپلىك | مىللەت | جامائەت | ئاسراش |
| لىچىنكا | بىجىرىم | يېتىلگەن | مۇكەممەل | شىپالىق | جانىۋار |

4. سۆز بىرىكمىسى تۈزۈڭلار:

شىپالىق ______ رەڭگارەڭ ______ تەرتىپلىك ______

مۇكەممەل ______ بىجىرىم ______ ئىشچان ______

5. جۈملە تۈزۈڭلار :

بىر تەرەپتىن ......يەنە بىر تەرەپتىن

6. ھەسەل ھەرىسىدە قانداق ھېكمەتلەر بارلىقىنى بىلدىڭلار؟ ئۇنىڭدىن قانداق ئىبرەت ئالدىڭلار؟

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

# مەشق باغچىسى

1.تونۇپ بېقىڭلار:





______ ______ ______





______ ______ ______

2.ئوقۇپ بېقىڭلار ۋە يېزىپ بېقىڭلار:

تېرىلدۇردى ئەستايىدىل جاراڭلاتماقتا مەخلۇقات

ئايلىنىدۇ مۇكەممەل ئورۇنلايدۇ يىغىۋاتىدۇ

چاڭلاشتۇرىدۇ

3.سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى يېشىپ بېقىڭلار :

تەشنا هارارەت رەب مەيىن لەرزان بىزەنمەك

بەس ـ بەستە ئەستايىدىل ھېكمەت رەڭگارەڭ تەرتىپلىك

ئاسراپ بىجىرىم ھىد

4.سۆز بىرىكمىسى تۈزۈپ بېقىڭلار :

رەڭگارەڭ ______ مەيىن ______ يۇمران ______

سۈپسۈزۈك ______ ياپيېشىل ______ ئاپئاق ______

قاپقارا ______ تۈرلۈك ـ تۈمەن ______ لەرزان ______

5. جۈملە.

تولۇق بىر ئوي پىكىرنى ئىپادىلەيدىغان بىر ياكى بىر قانچە سۆزلەرنىڭ يىغىندىسى جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن:

تەبىئەت سۈكۈت ئىچىدە ئىدى.

ئۇ زادى نىمىگە ئالدىرايدىغاندۇ؟

كۈتكەن ۋاقىت يېتىپ كەلدى !

مەن ئەتىگەندە بامدات نامىزى ئوقىدىم.

جۈملىنىڭ مەزمۇن ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، جۈملىنىڭ ئاخىرىغا چېكىت«.» ، سوراق«؟» ياكى ئۈندەش «!» بەلگىسى قويۇلىدۇ.

قېنى سىلەرمۇ تۆۋەندىكى سۆزلەرنى ئىشلىتىپ، جۈملىلەرنى تۈزۈپ بېقىڭلار.

گۈللەر قۇياش تەبىئەت مايسىلار

6.تۆۋەندىكى شئېرنى راۋان، ھېسياتلىق دېكلىماتسىيە قىلىڭلار ۋە مەزمۇنىنى ئۆز تىلىڭلارغا ئايلاندۇرۇپ بايان قىلىڭلار.

# باھار كېچىسى



تىنىق ئاسمان، ئايدىڭ كېچە،
چاراقلار يۇلتۇز.
سەلكىن شامال، ئېرىق بويى،
پۇرايدۇ يالپۇز.

پاقا بىلەن چىكەتكە ،
قۇرۇشار بەزمە.
باش باھارنىڭ شەنىگە ،
ئوقۇشار نەغمە.

ئەجەپ سالقىن ھاۋالىق ،
باھار قىزچىسى .
ياخشىلىققا بىر پۇرسەت ،
گۈزەل ئەتىسى .

باھاردىكى گۈزەللىك ،
نى دۇر مەنبەسى؟
ئويلانسلابىلىدۇ ،
ئەقىل ئىگىسى.

7.پىكىر بايان قىلىڭلار.
باھاردىكى بايقاش : باھار پەسلىدىكى ئۆزگىرىشلەرنىڭ قانداق ئەھمىيىتى بارلىقىنى ۋە ئۇنىڭدىن ئاللاھنىڭ قانداق ھېكمەتلىرىنى ۋە قايسى سۈپەتلىرىنى بايقىدىڭلار؟



ئۇيغۇر كىتاب تورپىكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

2 ـ بۆلەك

# مېھىر ـ شەپقەت



پەقەت مېھىر ـ شەپقەت بولغاچقىلا كائىنات، زېمىن ۋە ئۇنىڭدىكى بارلىق نەرسىلەر مەۋجۇت بولۇپ تۇرىۋاتىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبىنى بىلەمسىلەر؟ ھەممىنىڭ ئىگىسى بولغان رەببىمىز ئاللاھ ئاسمان ـ زېمىن ۋە ئۇلاردىكى، ھەمدە ئۇلار ئارىسىدىكى نەرسىلەرنى باشقۇرۇپ، ئاسراپ، يېتەكلەپ تۇرغاچقا ئۇلار نورمال مەۋجۇت بولۇپ تۇرىۋاتىدۇ. ئاللاھ بارلىق مېھىر ـ شەپقەتنىڭ ئىگىسى بولۇپ، پەقەت يۈزدىن بىر قىسمىنى مەخلۇقلارغا ئاتا قىلغان. ھەربىر ئانىنىڭ بالىسىغا كۆيىنىشى شۇ مېھىر ـ شەپقەتنىڭ ئىپادىسىدۇر. ئاللاھ ئۆزىنىڭ چەكسىز مېھىر ـ شەپقىتى بىلەن بەندىلىرىگە رەھمەت قىلىدۇ، ھەمدە بەندىلىرىنىمۇ ئۆز ـ ئارا مېھىر ـ شەپقەت يەتكۈزۈشكە

چاقىرىدۇ. شۇڭا ئۇلۇغ رەببىمىزنىڭ شەپقىتىنى تىلەش ۋە ئۇنىڭغا شۈكرى ئېيتىش يۈزىسىدىن ئۆز-ئارا مېھىر-شەپقەت قىلىشىمىز كېرەك. بۇ دۇنيا ھەقىقەتەن مېھىر-شەپقەت بىلەن گۈزەلدۇر. شۇنىڭدەك، ئىسلام دىنىمىزنىڭ مۇھىم چاقىرىقلىرىدىن بىرى بولسا سىلە-رەھىم قىلىشتۇر.

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

## 4. مېھىر-شەپقەتلىك ئاللاھ



رەببىمىز ئاللاھنىڭ گۈزەل ئىسىملىرىدىن **ئەررەھمان، ئەررەھىم** قۇرئان كەرىمدە كۆپ تەكرارلانغان. ئەقىللىق قېرىنداشلىرىم، سىلەر بۇ ئىككى ئىسىمنىڭ مەنىسىنى بىلەمسىلەر ؟

ئەررەھمان بولسا ئەرەب تىلىدىكى **مېھىر-شەپقەت** مەنىسىدىكى

رەھىم سۆزىنىڭ ئاشۇرما شەكلى بولۇپ، **تولىمۇ** مېھرىبان ۋە شەپقەتلىك دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئەررەھمان ئاللاھنىڭ بىر ئىسمى بولۇش **سۈپىتى بىلەن** رەھمىتى ناھايىتى **كەڭرى** بولغان، رەھمىتى ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان ئاللاھ دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئەررەھىم سۆزىنىڭ ئەسلى يىلتىزى ئۇرۇق-تۇغقانچىلىق بولۇپ، مېھىر-شەپقەت دېگەن مەنىگە ئىگە. چۈنكى ئۇرۇغ-تۇققانلار ئارىسىدا **ئۆز-ئارا** شەپقەت قىلىش **گەۋدىلىك** ئىپادىلىنىدۇ ئەمەسمۇ؟ شۇڭا، ئەررەھىم ئاللاھنىڭ يېقىن بەندىلىرى بولغان **مۆئمىنلەرگە كاتتا** رەھمەت قىلغۇچى ئاللاھ دېگەنلىك بولىدۇ.

※سىلەر ئۆزۈڭلارغا قاراپ بېقىڭلار، چىرايلىق يۈز، قاپقارا چاچلار، بۇدرۇققىنە قوللار، ئوماق پۇتلار… بۇنى كىم مۇشۇنداق بىجىرىم، **ئەپچىل، نەپىس** قىلىپ ياراتتى ؟ بۇ **نېئمەتلەر** باشقا ھايۋانات ۋە ئۆسۈملۈكلەرگە بېرىلمىگەن. ھەتتا بەزى كىشىلەرگە ھەم بېرىلمىگەن. مانا بۇ ئەررەھمان بولغان زاتنىڭ رەھمەت قىلىپ ئاتا قىلغان گۈزەل سۈرەت، **ئېسىل** نېئمەتلىرىدۇر. ئەگەر سىزنىڭ بىرەر **ئەزايىڭىز ناكا** بولۇپ قېلىپ (ئاللاھ ساقلىسۇن)، بىر دوختۇر ئۇنى سىزدىن ھەق ئالماي ساقايتىپ قويسا، سىزنىڭ ساغلام ھالىتىڭىزنى ھەر ۋاقىت ئاسراپ، **مۇھاپىزەت** قىلىپ تۇرسا، يەنە سىزدىن ھېچقانداق بىر نەرسە تەلەپ قىلمىسا سىزگە بۇ كاتتا **ئېھسان** بولۇپ بىلىنمەسمۇ؟※

كۆزلىرىمىز گەرچە ئاللاھنى كۆرەلمىسىمۇ، قەلبىمىز ئۇنى **ھېس**

**قىلىپ** تۇرىدۇ. چۈنكى ھەر بىر ئادەم ياخشىلىقنى، باشقىلارنىڭ ئۆزىگە مېھىر-شەپقەت قىلىشىنى **ئۈمىد** قىلىدۇ. ئىنسان مېھىر-شەپقەتنىڭ ئىگىسى بولغان رەببىنى تونۇغاندا، ئاندىن قەلبى **ئارام** تاپىدۇ. چۈنكى ئۇلۇغ رەببى ئۇنىڭغا ھېچكىم بىرەلمىگەن مېھىر-شەپقەتنى بېرىدۇ. يېنىدا ھېچ كىشى قالمىغان چاغدىمۇ، رەببى ئۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئۇنىڭغا **مەڭگۈ** رەھمەت قىلىدۇ، ياخشىلىق قىلىدۇ.

## كۆنۈكمە

1. تېكستنى ھسىياتلىق ئوقۇپ، مەنىسىنى ئۆزلەشتۈرۈۋېلىڭلار.
2. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى بىلىۋېلىڭلار:

رەھمان رەھىم مېھىر-شەپقەت تولىمۇ سۈپىتى بىلەن
كەڭرى گەۋدىلىك مۆئمىنلەر كاتتا ئەپچىل نەپىس
ئىسىل ئەزا ناكا مۇھاپىزەت ئېھسان ئۆز-ئارا
ھېس قىلماق ئۈمىد قىلىش ئارام مەڭگۈ نېئمەت

3. سۆز بىرىكمىسى تۈزۈڭلار:

تولىمۇ ____، ____ ئەپچىل ____، ____
نەپىس ____، ____ ئىسىل ____، ____
ئۆز-ئارا ____، ____ كاتتا ____، ____

4. بەلگە قويۇلغان ئابزاسنى يادلىۋېلىڭلار.
5. مېھرىبان ئاللاھنىڭ نېئمەتلىرىنى ئەسلەپ، ئۇنىڭ رەھمىتىنى

ھېس قىلىڭلار ۋە ھېسياتىڭلارنى ئۆز-ئارا بايان قىلىڭلار.
6.تۆۋەندىكى سۆزلەرگە جۈملە تۈزۈڭلار:
مېھىر-شەپقەت ئەپچىل ئىسسىق مەڭگۈ ھېس قىلماق

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

# 5. رەسۇلۇللاھنىڭ سۆيگۈسى




ئۇماق قېرىنداشلار، سىلەر كىملەرنى ياخشى كۆرىسىلەر؟ سىلەر **سۆيگۈ** بىلەن مېھىر-شەپقەتنىڭ قانداق يېقىن **مۇناسىۋىتى** بارلىقىنى بىلەمسىلەر؟ ئەلۋەتتە ئىنسان ئۆزى ياخشى كۆرگەنلەرگە مېھىر-شەپقەت قىلىدۇ. مېھىر-شەپقەت بولسا قەلبىتىكى سۆيگۈنىڭ **ئەمىلىي** ئىپادىسىدۇر.

※پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام **ئۆسمۈرلۈك** ۋاقتىدىن

باشلاپلا باشقىلارغا ياخشىلىق قىلاتتى، ياردەم قىلاتتى. ئۇ ئۆز ئانىسى ۋە ئۆزىنى بېقىپ ئۆستۈرگەن ئىنىكئانا-ئاتىسىنى، سۈت قېرىنداشلىرىنى، باشقا ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنى، دوستلىرىنى تولىمۇ ياخشى كۆرەتتى. ئۇ يەنە كۆك ئاسماننى، زېمىنغا نۇر چاچقان قۇياشنى، ئاپئاق بۇلۇتلارنى، ياپيېشىل يايلاقنى، ئۇماق قوي-قوزا، ئۆچكە-ئوغلاقلارنى ياخشى كۆرەتتى. كېچىلىرى پارقىراپ چىققان تولۇنئاينى، كېچە ئاسمىنىنى **زىننەتلىگەن** يۇلتۇزلارنى ياخشى كۆرەتتى. ئۇ يەنە شىلدىرلاپ ئاققان **سۈپسۈزۈك** سۇلارنى، سىمىلداپ ياغقان **بەرىكەتلىك** يامغۇرنى ياخشى كۆرەتتى. ئۇ يەنە سايرىشىۋاتقان قۇشلارنى، رەڭگارەڭ گۈللەرنى، گۈللەر ئارا ئۇچۇپ يۈرگەن چىرايلىق كېپىنەك ۋە ھەسەل ھەرىلىرىنى ياخشى كۆرەتتى. چۈنكى ھەممىسى **ئىخلاس بىلەن** ئىنسانلارغا **مەنپەئەت** يەتكۈزىۋاتاتتى. ئۇنىڭ **سەبىي** قەلبى مېھىر-شەپقەتكە تولۇپ چوڭ بولدى.※

پەيغەمبىرىمىزنىڭ بالىلىق ۋاقتىدىكى يېتىملىكى ۋە **پېقىرلىقى** ئۇنىڭ تېخىمۇ مېھىر-شەپقەتنى قەدىرلەيدىغان، كۈچىنىڭ يېتىشىچە باشقىلارغا ياردەم بېرىدىغان بولۇپ چوڭ بولۇشىغا **تۈرتكە بولدى**. ئۇ باشقىلار بىلەن ناھايىتى **ئىناق** ئۆتىدىغان بولۇپ، دوستلىرى ناھايىتى كۆپ ئىدى. ھەممە ئۇنى ئالقىشلاپ «ئەلئەمىين» يەنى **ئىشەنچىلىك** دەپ ئاتايتتى. ئۇ چوڭ بولۇپ تۇرمۇشلۇق بولغاندىن كېيىنمۇ رەھىم-شەپقىتى ۋە **سېخىيلىقى** داۋاملىق ئېشىپ باردى. **تۇنجى ۋەھىيدىن** كېيىن ۋەھيي بىر مەزگىل ئۈزۈلۈپ قالغاندا

خەدىچە ئانىمىز ئۇنىڭغا مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئاللاھ سېنى ھەرگىز رەسۋا قىلمايدۇ، چۈنكى سەن **خىش-ئەقرىبالارغا** سىلە رەھىم قىلىسەن، ئاجىز-بىچارىلەرگە ياردەم قىلىسەن، يوقسۇللارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالىسەن، مېھمانلارنى ياخشى كۈتىسەن، ھەق ئۈچۈن ياردەم قىلىسەن».

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسىنى ئۇرۇنلاش داۋامىدا، ئۇنىڭ مېھىر-شەپقىتى ئاللاھنىڭ **ھىدايىتى** بىلەن تېخىمۇ **يۈكسەلدى**. ئۇ پەقەت ئۆزى مېھىر-شەپقەتلىك بولۇپلا قالماي، پۈتكۈل ئىنسانىيەتنى مېھىر-شەپقەتكە چاقىردى. ئۆز دۈشمەنلىرى مۇسۇلمان بولغىلى كەلسە، ئۇلارغا **تاپا-تەنە** قىلماقتا يوق، ئەكسىچە ئۇلارنى قىزغىن قارشى ئالدى. ئاللاھنىڭ ھىدايىتىگە ئېرىشكەن ھەر بىر مۇسۇلمان مېھىر-شەپقەت **ساھىبىگە** ئايلاندى.

## كۆنۈكمە

1. تېكىستنى ھېسسىياتلىق ئوقۇپ چىقىپ، مەنىسىنى ئۆزلەشتۈرۈۋېلىڭلار.

2. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى بىلىۋېلىڭلار:

سۆيگۈ مۇناسىۋەت ئەمىلىي ئۆسمۈر زىننەتلىمەك

سۈپسۈزۈك بەرىكەتلىك ئىخلاس بىلەن مەنپەئەت

سەبىي پىقىر تۈرتكە بولۇش سېخى ئىناق ئىشەنچلىك

تۈنجى ۋەھىي خىش-ئەقرىبالار ھىدايەت يۈكسەلمەك

تاپا ـ تەنە       ساھىبى

3. بەلگە قويۇلغان ئابزاسنى يادلىۋېلىڭلار.

4. سۆز بىرىكمىسى تۈزۈڭلار:

سېخى ____، ____   تۇنجى ____، ____   ئەمەلىي ____، ____

سۈپسۈزۈك ____، ____   ئىخلاس بىلەن ____، ____

5. پەيغەمبىرىمىز بالىلىق ۋاقتىدا كىملەرنى ۋە نېمىلەرنى ياخشى كۆرەتتى؟

6. پەيغەمبىرىمىز ياشلىق مەزگىلىدە باشقىلار بىلەن قانداق ئۆتەتتى؟

7. سىز پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئۆز دۈشمەنلىرىنى قوبۇل قىلغاندا، ئۇلارغا قىلغان مۇئامىلىسىدىن قانداق تەسىراتقا كەلدىڭىز؟

8. جۈملە تۈزۈڭ:*

....تا يوق، ئەكسىچە.....



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

# 6.مۆئمىنلەرنىڭ قېرىنداشلىق مېھرى






ئاللاھ **بارلىق** ئىنسانلارنى ئىككى دۇنيالىق **بەخت-سائادەتكە** باشلاش ئۈچۈن، ئىنسانلاردىن پەيغەمبەرلەرنى تاللاپ كىتاب **نازىل** قىلغان. بۇ دۇنيادا ئىنسانلارغا كېلىدىغان ئەڭ **زور ئاپەت** بولسا ئىنسانلار ئارىسىدىكى **دە-تالاش، توقۇنۇشلار** ئىدى. ئاللاھ ئىنسانلارنى ئۆز ھىدايىتى بىلەن ئۆز-ئارا قېرىنداش قىلدى. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ :«مۆئمىنلەر ھەقىقەتەن قېرىنداشتۇر، رەھمەتكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن قېرىنداشلىرىڭلارنىڭ ئارىسىنى تۈزەڭلار»(سۈرە ھۇجۇرات، 10-ئايەت). ئىمانىي قېرىنداشلىق مۆئمىنلەرنى دۇنيادىكى ئەڭ يېقىن مۇناسىۋەتكە ئېرىشتۈردى. بۇ سۆزىمىزنىڭ **دەلىلى** سۈپىتىدە مۆئمىنلەرنىڭ قېرىنداشلىق **ئۆرنەكلىرىدىن** كۆرۈپ باقايلى.

※پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە مەككىلىك مۇسۇلمانلار **ھەق** دىنىنى **بەرپا قىلىش** ئۈچۈن ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن مەككىدىن مەدىنىگە

**ھىجرەت** قىلدى. مەككىلىك مۇسۇلمانلار ھىجرەت قىلغۇچىلار دېگەن مەنىدە «مۇھاجىر» دەپ ئاتالدى. مەدىنىدىكى مۇسۇلمانلار ئۇلارنى كۈتۈۋېلىپ، ئۆز ماكانلىرىدىن ئۇلارغا جاي بېرىپ **جان-دىل بىلەن** ياردەم قىلغاچقا، ياردەم بەرگۈچىلەر دېگەن مەنىدە «ئەنسارىلار» دەپ ئاتالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇھاجىرلار بىلەن ئەنسارىلارنى ئۆز-ئارا قېرىنداش بولۇشقا بۇيرىدى. ئۇلار بىر تۇغقان قېرىنداشلاردىنمۇ يېقىن قېرىنداشلاردىن بولۇپ، **كىشىنىڭ قەلبىنى لەرزىگە سالغۇدەك** دەرىجىدە مېھىر-شەپقەت كۆرسەتتى. ئەنسارىلار مۇھاجىرلارغا ئۆزلىرىنىڭ بارلىق نەرسىلىرىنى **ئورتاق بەھرىلىنىشكە** تەقدىم قىلدى. ئۆيلىرىنىڭ، مال-مۈلكىنىڭ، يەرلىرىنىڭ يېرىمىنى ئايرىپ بېرىش بىلەن بىرگە ھەتتا ئۆز ئاياللىرىنى ياقتۇرسا، تالاق قىلىپ ئۆيلەپ قويىدىغانلىقىنى ئېيتتى. نېمە دېگەن **چىن، ئۇلۇغ** قېرىنداشلىق ھە! ئىنسانلار تارىخىدا بۇنىڭدىنمۇ **شەخسىيەتسىز،** چوڭقۇر دوستلۇقنى ئۇچرىتالمايمىز.※

مۆئمىنلەرنىڭ قېرىنداشلىقى **ئومۇمىي** مۇناسىۋەت بولۇپ، ساپ **ئېتىقاد** ئورتاقلىقى ۋە ئورتاق ھايات **تۈزۈمى،** ئورتاق **غايە** ئۈستىگە قۇرۇلغان بۇ قېرىنداشلىق رەببىمىز ئاللاھنىڭ بىزگە **ئاتا قىلغان** كاتتا نېمىتىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلارنىڭ قېرىنداشلىقىنى ناھايىتىمۇ **تەكىتلىگەن**. چۈنكى بۇ خىل قېرىنداشلىق بىلەن تۇرمۇشىمىز سەمىمىي مېھىر-مۇھەببەتكە تولىدۇ، ئاللاھ ياخشى كۆرگەن بەندىلەرگە ئايلىنالايمىز.

كېلىڭلار، بىزمۇ قولىرىمىزنى تۇتۇشۇپ قېرىنداشلىق مارىشىنى ياڭرىتايلى!

## كۆنۈكمە

1. تېكىستنى ھېسياتلىق، راۋان ئوقۇشنى مەشىق قىلىڭلار.

2. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىۋېلىڭلار :

بارلىق بەخت-سائادەت نازىل قىلماق زور ئاپەت دە-تالاش توقۇنۇش دەلىل ئۆرنەك ھەق بەرپا قىلىش ئورتاق بەھرىلىنىش جان-دىل بىلەن قەلبىنى لەرزىگە سالغۇدەك چىن ئۇلۇغ شەخسىيەتسىز ئومۇمىي ئېتىقاد تۈزۈم غايە تەكىتلەش

3. بەلگە قويۇلغان ئابزاسنى يادلىۋېلىڭلار.

4. سۆز بىرىكمىسى تۈزۈڭلار:

بارلىق _____، _____ زور _____، _____

چىن _____، _____ ئورتاق _____، _____

ئۇلۇغ _____، _____ ئومۇمىي _____، _____

5. قېرىنداشلىقنى تەكىتلەيدىغان ھەدىسلەرنى ئۆگىنىۋېلىڭلار.

6. مۆئمىنلەرنىڭ قېرىنداشلىق ئۆرنەكلىرىدىن قانداق تەسىرات ئالدىڭىز؟

7. جۈملە تۈزۈڭلار:

بەرپا قىلىش جان-دىل بىلەن قەلبىنى لەرزىگە سالغۇدەك

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى



بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

# مەشق باغچىسى

1 .تۆۋەندىكى قارمۇ-قارشى مەنىلىك سۆزلەرنى بىلىۋېلىڭلار:

كەڭرى-تار     شەخسىيەتچى-شەخسىيەتسىز     سېخى-بېخىل

ئاپەت-ئامەت

2 .سۆز بىرىكمىسى تۈزۈڭلار:

ئۇلۇغ ____، ____     ئەپچىل ____، _____

ئەمەلىي _____، _____     ئۆز-ئارا ______، ______

ئخلاس بىلەن ______، ______     چىن _____، _____

______، _____ ئۆسمۈر     _____، _____ ۋەزىپە

**3. بايان جۈملە.**

بىرەر ئىش-ھەرىكەت توغرىسىدا خەۋەر مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان جۈملە بايان جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ. بايان جۈملىنىڭ ئاخىرىغا چېكىت قويۇلىدۇ. بايان جۈملىنى ئوقىغاندا تاۋۇش دەسلەپتە بىر قىلىپتا باشلىنىپ، ئاخىرىدا پەسىيىپ توختايدۇ.

1)تۆۋەندىكى بايان جۈملىلەرنى ئوقۇپ بېقىڭلار:

ئالالاھ ئىنسانلارنى ئۆز ھىدايىتى بىلەن ئۆز-ئارا قېرىنداش قىلدى.

مېھىر-شەپقەت بولسا قەلبىتىكى سۆيگۈنىڭ ئەمىلىي ئىپادىسىدۇر.

بۇ نېئمەتلەر باشقا ھايۋانات ۋە ئۆسۈملۈكلەرگە بېرىلمىگەن.

2) تۆۋەنــدىكى ســۆزلەردىن پايــدىلىنىپ، بايــان جــۈملە تــۈزۈپ بېقىڭلار:

قېرىنداش نېئمەتلەر بارلىق ئۇلۇغ سېخى

4.پىكىر بايان قىلىڭلار.

[ماتېريال] يەرمۇك غازىتى ئاخىرلاشقاندا، بىر مۇجاھىد تاغىسىنىڭ ئوغلىنى يەنى جىيەنىنى ئىزدەپ سۇ بەرمەكچى بولۇپ ئايلىنىپ يۈرىدۇ ۋە ئۇنى بىر نەچچە يارىدارنىڭ ئارىسىدىن تاپىدۇ-دە، سۇ قۇيۇپ بېرىدۇ. شۇ ئەسنادا يېنىدىكى يارىدار ئاغرىق ئازابىدىن ئىڭرايدۇ. جىيەنى سۇنى ئىچمەستىن، دەرھال شۇ يارىدارغا ئاپىرىشقا بۇيرۇيدۇ. ئۇ سۇنى ئىچەي دەپ تۇرۇشىغا بىر يارىدار مۇجاھىدنىڭ ئازابتىن ئىڭراۋاتقانلىقى ئاڭلىنىدۇ-دە، ئۇمۇ سۇنى ئىچىشنى رەت قىلىپ، سۇنى ئىڭراۋاتقان مۇجاھىتقا ئاپىرىشنى ئېيتىدۇ. سۇنى ئۇنىڭ يېنىغا ئاپارغاندا ئۇ مۇجاھىد شېھىد بولۇپ كەتكەن ئىدى. سۇنى قايتۇرۇپ ئىككىنچى مۇجاھىدقا ئاپارغاندا ئۇمۇ شېھىد بولۇپ كەتكەن ئىدى. سۇنى جىيەنىنىڭ يېنىغا ئاپارغاندا ئۇمۇ شېھىد بولۇپ كەتكەن ئىدى...(ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن)

1.بۇ ۋەقەدە بايان قىلىنغان شەخسىيەتسىز قېرىنداشلىقتىن قانداق تەسىراتقا كەلدىڭلار؟

2.بىز قېرىنداشلىرىمىزغا قانداق مۇئامىلە قىلىشىمىز كېرەك ئىكەن؟

3.بىز دىنىي قېرىنداشلىرىمىزغا قانداق ياردەم قىلىشىمىز كېرەك؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

# راستچىللىق

3 ـ بۆلەك



راستچىللىق مۇھىم بىر خىسلەت. راستچىل كىشى باشقىلارنىڭ ئىشەنچىسىگە ۋە ھۆرمەتلىشىگە ئېرىشىدۇ. ھەممە ئادەم راستچىل كىشىلەرنى ياخشى كۆرىدۇ. ئاللاھ ھەممە نەرسىنى ھەق ئاساستا، مۇئەييەن ئۆلچەم بويىچە ياراتقان. بىز ئاللاھقا، ئۆزىمىزگە ۋە ئاللاھنىڭ بەندىلىرىگە، مەخلۇقلىرىغا سەمىمىي مۇئامىلە قىلغاندىلا خاتىرجەملىككە، خوشاللىققا ئېرىشەلەيمىز. دوستۇم ئويلاپ بېقىڭ، سۇلياۋدا ياسالغان ئالما مودېلى بىلەن ھەقىقى ئالمىنىڭ قانداق پەرقى بار؟ ئەلۋەتتە چوڭ پەرقى بار. گەرچە ئىككىسىنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشى ئوپمۇ-ئوخشاش بولغىنى بىلەن بىرىنى يېگىلى بولمايدۇ، ئۇ ئالما بولماستىن پەقەت ئالما شەكلىدىكى سۇلياۋ، يەنە بىرى بولسا ھەقىقى ئالما بولۇپ، يېگۈچىلەرگە ئوزۇق بولىدۇ ۋە لەززەت

بېغىشلايدۇ. راستچىللىق ۋە يالغانچىلىق مۇشۇنىڭغا ئوخشايدۇ. راستچىللىق ياخشىلىققا باشلايدۇ، ياخشىلىق جەننەتكە باشلايدۇ. يالغانچىلىق يامانلىققا باشلايدۇ، يامانلىق دوزاخقا باشلايدۇ.

بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمَنِ الرَّحِيمِ

## 6. پەيغەمبىرىمىز ئەلئەمىن



ئاللاھ كائىناتتىكى بارچىنى ھەق ئاساسىدا، ئۆزىگە **بويسۇنىدىغان** قىلىپ ياراتتى. بىز ئىنسانلارمۇ بۇنىڭ سىرتىدا ئەمەس. ئاللاھ ھەر بىر **قەۋمنى** پەقەت ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇش ئۈچۈن، ئۆز ئىچىدىن ئەڭ **ئىشەنچىلىك** بىر كىشىنى پەيغەمبەرلىككە تاللىغان. سىلەرنىڭچە قانداق كىشى ئەڭ ئىشەنچىلىك بولىدۇ؟ ئەلۋەتتە **سەمىمىي، راستچىل** كىشى ئەڭ ئىشەنچىلىك بولىدۇ.

پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بالىلىق ۋاقتىلىرىدىن باشلاپلا ناھايىتى **ئەخلاقلىق** بولۇپ، راستچىللىقى ھەممە كىشىنى قايىل قىلغان ئىدى. ئۇ ئانىسى، بوۋىسى، ئىنىكئاتا-ئانىسى ۋە سۈت قېرىنداشلىرى، دوستلىرىغا ۋە باشقا كىشىلەرگە پەقەت يالغان سۆزلىمەيتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن سەممىيلىك نۇرى **چىلۋىلىنىپ** تۇراتتى. ئۇ ئىش-ھەركەتلىرىدە ھەتتا چىراي ئىپادىسىدىمۇ ناھايىتى راستچىل بولۇپ، قىلچە **ساختىلىق** ئارلاشتۇرمايتتى. ئۇ باشقىلارغا قىلغان **ۋەدىسىدە** تۇراتتى. باشقىلارنىڭ **ئامانەتلىرىنى** ئوبدان ساقلاپ، جايىدا قايتۇراتتى. شۇڭا، مەككىلىكلەر ئۇنى «ئەلئەمىن» يەنى ئىشەنچىلىك دەپ ئاتاشقا باشلىدى. ئۇنىڭ سەممىيىتى ھەممىنى **تەسىرلەندۈرگەن** ئىدى. شۇڭا، ئۇنى **ھۆرمەتلىگەنلىكتىن** مۇھىم ئىشلاردا ئۇنىڭدىن **مەسلىھەت** ئالاتتى، ئۇنىڭ **پىكرىگە** ھەممە بىردەك قوشۇلاتتى.

※ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەن پەيغەمبىرىمىز مەككىلىكلەرنى پەقەت يىگانە ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشقا ئاشكارا **دەۋەت** قىلىش ئۈچۈن، بىر تۆپىلىككە چىقتى. ئۇ پۈتۈن مەككە ئاھالىسىگە :«ئەگەر مەن تۆپىلىك كەينىدە بىر توپ قوشۇن سىلەرگە ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن كېلىۋاتىدۇ دېسەم ئىشىنەمسىلەر؟»دېدى. پۈتۈن كىشىلەر بىردەك : «ئىشىنىمىز، ئىشىنىمىز» دېيىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاندىن :«ماڭا ۋەھيي قىلىندىكى، سىلەرگە ھەممىنى ياراتقان ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر، پەقەت ئۇنىڭغىلا ئىبادەت قىلىڭلار، ئەگەر بۇ دەۋەتكە ئاۋاز قوشساڭلار بەخىت-سائادەت سىلەرگە

**يۈزلىنىدۇ**» دېدى. بۇنى ئاڭلىغان كىشىلەر بولۇپمۇ مەككە كاتتىلىرى نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قالدى. چۈنكى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھەقىقەتنى راستچىللىق بىلەن ئېيتقان ئىدى. ئۇنىڭغا ئىشەنمەسلىككە ھېچقانداق **باھانە** يوق ئىدى.※

پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئوخشاش ھەر بىر پەيغەمبەر پەيغەمبەرلىككە تاللىنىشتىن ئىلگىرى ئۆز خەلقى ئارىسىدا راستچىللىقتا تونۇلغان ئىشەنچىلىك كىشىلەر ئىدى. بۇنىڭ **سەۋەبىنى** بىلەمسىلەر؟ چۈنكى پەيغەمبەرلەر ئۆزىگىلا ئوچۇق، باشقىلارغا **مەخپىي** بولغان ئاللاھنىڭ ۋەھيىلىرىنى يەتكۈزەتتى. بۇنى پەقەت كىشىلەر راستچىل دەپ **قايىل بولغان**، يالغان ئېيتىشى ھېچ **ئەقىلغا سىغمايدىغان** كىشىلەر يەتكۈزگەندە ئاندىن بۇ ۋەھيىنىڭ ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ سۆزى ئىكەنلىكىدە **گۇمان** بولمايتتى. يەنە بىر جەھەتتىن، پەقەت راستچىل كىشىلەرلا ئادىل، ھەق-ناھەقنى ئايرىيدىغان، ھەقىقەتنى قوغدايدىغان كېلىدۇ. دەۋەتنىڭ غايىسى بولسا ھەقنى ئاساس قىلىپ ئادالەتنى بەرپا قىلىش ئىدى.

## كۆنۈكمە

1. تېكىستنى ھېسياتلىق ۋە راۋان ئوقۇشنى مەشىق قىلىڭلار.
2. يېڭى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى بىلىۋېلىڭلار.

سەمىمىي راستچىل بويسۇنۇش ئىشەنچىلىك ئەخلاقلىق قەۋم جىلۋىلىنىش ئامانەت ۋەدە تەسىرلەندۈرۈش

مەسلىھەت پىكىر ھۆرمەتلەش يۈزلەنمەك باھانە سەۋەپ

قايىل بولماق ئەقىلگە سىغمايدىغان گۇمان ساختىلىق دەۋەت

4. سۆز بىرىكمىسى تۈزۈڭلار:

ئىشەنچلىك _____،_____ _____ پىكىر _____

ئوچۇق _____،_____ ئوبدان _____،_____

مەسلىھەت _____،_____ باھانە_____،_____

4. بەلگە قويۇلغان ئابزاسنى يادلىۋېلىڭلار.

5. ئاللاھ نېمە ئۈچۈن پەيغەمبەرلىككە ئۆز خەلقى ئىچىدە راستچىل كىشلەرنى تاللايدۇ؟

6.پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ راستچىل خىسلەتلىرىنى بىلىۋېلىڭلار ۋە ئۆزلەشتۈرىۋېلىڭلار.

7.تۆۋەندىكى سۆزلەرگە جۈملە تۈزۈڭلار.

ئامانەت دەل جايىدا سەۋەب ئەقىلگە سىغمايدىغان

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

## 8. راستچىللىقنىڭ ئۈلگىسى ـ ئەبۇبەكرى

## سىددىق(رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ)

سىلەر ئەبۇبەكرى سىددىق (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ)نى بىلەمسىلەر؟ ئۇ



www.uyghurkitap.com

پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەڭ بۈيۈك ئىمان ئۈيتقان **ئۈلگىلىك** ساھابىلىرىدىن بىرى. ئەبۇبەكرى(رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ)نى ئىسلام كېلىشتىن ئىلگىرى كىشىلەر ناھايىتى ھۆرمەت قىلاتتى. چۈنكى ئۇ بىلىملىك، راستچىل، ئادىل ۋە **رەھىملىك** كىشى ئىدى.

راستچىللىق **ھەقىقەتنىڭ** ئىپادىلىنىشىدۇر. ھەقىقەت بولسا بار بولغان ئەھۋال ياكى نەرسىلەردۇر. شۇڭا، راستچىل كىشى ھەقىقەتكە ھۆرمەت قىلىدۇ. ئۇنىڭغا **رىئايە قىلىدۇ** ۋە ئۇنى **قوغدايدۇ**. ئەبۇبەكرى سىددىق(رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) ئىسلام كېلىشتىن ئىلگىرىمۇ، پەقەت بۇتلارغا ئىبادەت قىلمىغان ئىدى. چۈنكى بىر راستچىل كىشى قانداقمۇ تاش ۋە ياغاچلاردىن ياسالغان نەرسىلەر **پايدا-زىيان** يەتكۈزىدۇ دەپ ئىشەنسۇن؟ بۇ ئوچۇق-ئاشكارا ساختىلىق ۋە **ھاماقەتلىك** ئەمەسمۇ؟ ئەبۇبەكرى سىددىق(رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ يېقىن دوستى ئىدى. پەيغەمبىرىمىز ۋەھيىنى ئۇنىڭغا سۆزلەپ بەرگەندە، ئۇ قىلچە ئىككىلەنمەستىنلا **ئىمان كەلتۈرگەن** ئىدى. چۈنكى، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سەمىمىيىتىگە ناھايىتى **قايىل** ئىدى ۋە ۋەھيي مەزمۇنلىرى ھەقىقەتنىڭ ئۆزى ئىدى. ئاللاھنىڭ ھەق سۆزلىرى ھەر بىر سەمىمىي قەلبنى قايىل قىلاتتى.

پەيغەمبىرىمىز مەككىلىكلەرگە مىراج كېچىسى بولغان ۋەقەلەرنىڭ بىر قىسمىنى سۆزلەپ بەرگەندە، مۇشرىكلار بۇنىڭدىن قاتتىق **ئەجەبلىنىپ**، ئۇنىڭغا ئىشەنمىدى. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى **مەجنۇنغا** چىقىرىپ **مەسخىرە قىلىشتى**. ئۇلار ئەبۇبەكرى سىددىق

(رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ)نىڭ يېنىغا بېرىپ: «دوستۇڭ ئۆزىنىڭ بىر كېچىدىلا قۇددۇستىكى مەسجىدى ئەقساغا بېرىپ كەلگەنلىكىنى ئېيتىۋاتىدۇ» دېيىشتى. ئەبۇبەكرى سىددىق(رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ): «ئۇ راست شۇنداق دېدىمۇ؟» دەپ سورىدى. ئۇلار:« ھەئە، بىز ھازىرلا ئۇنىڭ ئۆز ئاغزى بىلەن شۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدۇق» دېيىشتى. ئەبۇبەكرى سىددىق(رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ): «ئۇنداق بولسا ئۇنىڭ ئېيتقانلىرى راستتۇر»دېدى. بۇنى ئاڭلىغان مۇشرىكلار ئاغزىنى ئاچقىنىچە **ھاڭۋېقىپ** تۇرۇپ قېلىشتى. گەرچە ئەبۇبەكرى سىددىق(رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) تېخى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن كۆرۈشۈپ ئىشىنىڭ **تەپسىلاتىنى** ئۇقمىغان بولسىمۇ، **قەتئىيلىك بىلەن** پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزلىرىنى **تەستىقلىغان** ئىدى. بۇنىڭدىن ئەبۇبەكرى سىددىق(رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ)نىڭ ئىمانىنىڭ قانچىلىك راست، چىن ۋە **مۇستەھكەم** ئىكەنلىكىنى كۆرىۋالالايمىز. بۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇققاندىن كېيىن ئۇنىڭ سەمىمىيىتى ۋە راستىللىقىغا قايىل بولۇپ، ناھايىتى راستچىل دېگەن مەنىدىكى «ئەسسىددىيق» نامىنى بەردى.

ئەبۇبەكرى سىددىق(رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) ئىسلامغا كىرگەندىن تارتىپ تا **ۋاپات بولغۇچە** ئاللاھقا بەرگەن ئەھدىسىدە مۇستەھكەم تۇرۇپ، ئىمانىنى راستقا چىقاردى. ئۇ ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا راستچىللىق بىلەن كەتتى.

## كۆنۈكمە

1 .تېكستنى ھېسىياتلىق ۋە راۋان ئوقۇشنى مەشىق قىلىڭلار.

2 .يېڭى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى بىلىۋېلىڭلار:

ئۆلگىلىك ساھابىلەر رەھىملىك رىئايە قىلىش

پايدا-زىيان ھاماقەتلىك ئىمان كەلتۈرۈش قايىل

بولۇش ئەجەبلىنىش مەجنۇن مەسخىرە قىلىش

تەپسىلات قەتئىيلىك بىلەن ھاڭۋېقىش تەستىقلاش

قوغداش مۇستەھكەم ۋاپات بولۇش

3 .تۆۋەندىكى سۆزلەرگە جۈملە تۈزۈڭلار:

رىئايە قىلىش قوغداش تەستىقلاش ئۆلگىلىك

4. ئەبۇبەكرى سىددىيق(رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) كىم؟

5. راستچىللىق ۋە ھەقىقەت دېگەن نېمە؟

6. ئەبۇ بەكرىنىڭ مىراج كېچىسىدىكى ۋەقەنى قەتئىي تەستىقلىغانلىقىدىن قانداق تەسىراتقا كەلدىڭىز؟

7. تېكستتىكى ۋەقەنى ئۆز تىلىڭلارغا ئايلاندۇرۇپ سۆزلەپ بېقىڭلار.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

# 9. راستچىل بالا




سەككىز ياشلىق ئەخمەت تولىمۇ ئەقىللىق ۋە **ئەدەبلىك** چوڭ بولغان ئىدى. بوۋا موملىرى، ئۇرۇق-تۇغقانلىرى ۋە مەھەللىدىكىلەر ئۇنىڭدىن تولىمۇ **سۆيۈنەتتى**. بىراق ئۇنىڭ دادىسى ئابدۇللاھ ئاكا ۋە ئانىسى ئائىشە ھەدە ئۇنىڭغا **داۋاملىق نەسىھەت** قىلىپ، بىر مۇكەممەل مۇسۇلمان بولۇش ئۈچۈن تېخىمۇ تىرىشىشى كېرەكلىكىنى **ئەسكەرتىپ** تۇراتتى. ئۇ يەنە ئالتە ياشلىق سىڭلىسى فاتىمەگە ياخشى ئۈلگە بولىشى كېرەك ئىدى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ! — ئابدۇللاھ ئاكا سالام بىلەن ئۆيگە كىرىپ كەلدى.

— ۋە ئەلەيكۇم ئەسسالام ! — باللار دادىسىغا سالام قايتۇرۇشقىنىچە ئالدىغا يۈگرەپ باردى، ئائىشە ھەدە ئىللىق

كۆلۈمسىرەپ ئابدۇللاھ ئاكىنىڭ قولىدىكى نەرسە-كېرەكلەرنى ئالدى.

ئابدۇللاھ ئاكا بالىلىرىنىڭ پىشانىسىگە سۆيۈپ قويۇپ، ئاتىلىق مېھرى بىلەن ئۇلارنىڭ سەبىي چىرايلىرىغا **باقتى**. ئاندىن يېنىدا ئولتۇرغۇزۇپ، ئۇلار بىلەن پاراڭلىششقا باشلىدى. ئاڭغىچە ئائىشە ھەدە چاي دەملەپ چىقىپ، ئۇلارغا چاي قۇيدى.

— ئادەم ئۆزىنى ياراتقان ئىگىسىگە شۈكرى قىلىش كېرەك — دەپ بالىلىرىغا نەسىھەت قىلدى ئابدۇللاھ ئاكا.

— ئەلھەمدۇلىلاھى رەببىل ئالەمىين، ئالەملەرنىڭ رەببى ئاللاھقا مەدھىيلەر بولسۇن ! دېيىش ئارقىلىقمۇ دادا؟ — دېدى فاتىمە.

— مىنىڭچە ئاللاھقا **ئىتائەت قىلىش** ئارقىلىق، شۇنداقمۇ دادا؟— دېدى ئەخمەت.

— ئاللاھ ئىلمىڭلارنى زىيادە قىلسۇن بالىلىرىم، ھەر ئىككىڭلانىڭ دېگىنى **ئورۇنلۇق**. ئەمما ئەڭ ئاۋۋال يەككە-يىگانە رەببىنى ئىلاھلىقتا يىگانە دەپ تونۇپ، شۇ بويىچە ئەمەل قىلىشى كېرەك، بۇنىڭ بىرىنچى شەرتى بولسا راستچىللىق. چۈنكى ھەقىقەتتە ئاللاھ ھەممىنىڭ ئىگىسىدۇر، يىگانە ئىلاھتۇر. شۇڭا بىزمۇ ھەق بويىچە سەمىمىيلىك بىلەن ئۇنى يىگانە دەپ ئېتىقاد قىلىشىمىز ۋە ئۇنىڭغىلا ئىبادەت قىلىشىمىز كېرەك — دېدى ئابدۇللاھ ئاكا سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ — ھەر ۋاقىت راستچىل بولۇڭلار بالىلىرىم، پەيغەمبىرىمىزدىن «مۆئمىن قورقۇنچاق بولامدۇ؟» دەپ سورالغاندا، «ھەئە» دېگەن. «يالغانچى بولامدۇ؟» دېيىلگەندە

بولسا قەتئىي ھالدا «ياق» دەپ جاۋاپ بەرگەن. مۆئمىنىنىڭ بىرىنچى **خىسلىتى** بولسا راستچىللىقتۇر. ئاللاھقا شۈكرى قىلىش ئۈچۈن، چوقۇم راستچىل بولۇڭلار بالىلىرىم — دېدى ئابھۇللاھ ئاكا.

بۇ سۆزلەر ئەخمەتنىڭ قەلبىگە خۇددى تاشقا ئويغاندەك ئورناشقا باشلىغان ئىدى. . .

※ ※ ※

بىر كۈنى ئەخمەت تاپشۇرۇقلىرىنى ئىشلەپ بولۇپ، سىڭلىسىغا ئۇيغۇرچە ھەرىپلەرنى يېزىشنى ئۆگىتىۋاتاتتى. كەچلىك تاماق ئىتىۋاتقان ئائىشە ھەدە ئۆيدە تۇز تۈگىگەنلىكىنى **بايقاپ**، ئوغلى ئەخمەتنى چاقىردى:

— ئەقىللىق ئوغلۇم ئەخمەت، دۇكانغا چىقىپ تۇز ئەكىرىپ بەرگىنە، مانا، ماۋۇ پۇلنى ئالغىن — دېدى ۋە ئۇنىڭغا 10يۈەن پۇلنى تەڭلىدى.

ئەخمەت:

— ماقۇل ئانا — دېدى-دە، پۇلنى ئالغىنىچە «بىسمىللاھ» دەپ سول پۇتى بىلەن ئۆيدىن چىقتى ۋە ئانىسى ئۇنىڭغا ئۆگىتىپ قويغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنۇ دۇئاسىنى ئوقۇدى:«بىسمىللاھى تەۋەككەلتۇ ئەلەللاھ لاقۇۋۋەتى ئىللا بىللا (يەنى ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن، ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلدىم، ئاللاھنىڭ ياردىمى بولمىسا قولىمىزدىن ھېچ ئىش

كەلمەيدۇ)» . ئۇ ئانىسىنىڭ ئەستايىدىل تەربىيىسىدە ئىسلامنىڭ بىر كىشىنىڭ بارلىق ئويـ پىكىرلىرىنى، سۆز ۋە ھەركەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى ھېس قىلغان ئىدى. ئۇ ھەرقېتىم ئاللاھنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئالغىنىدا قەلبىدە بىر خىل مۇھەببەت، ئۈمىد ۋە قورقۇش پەيدا بولاتتى. چۈنكى ئاللاھنى ئەسلەش قەلبتىن باشلىنىدۇ. ئۇ شۇ سەمىمىي **ھېسياتلار** ئىلكىدە دۇكانغا كىردى.

مەھەللىدە بىر نەچچە كىچىك دۇكان بار ئىدى. بىراق ھازىر ئىككىلا دۇكان ئوچۇق ئىدى. ئەخمەت ئايشەم ئاچىنىڭ دۇكىنىغا كىردى. ئۇنىڭغا سالام بەرگەنىدىن كېيىن، تۇز ئالماقچى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. لېكىن بۇ دۇكاندا تۇز تۈگەپ كەتكەچكە ئايشەم ئاچا ئۇنىڭغا **تۇزرە** ئېيتتى. ئەخمەت ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشىپ ياندىكى خەنزۇ كىشىنىڭ دۇكىنىغا كىردى. ئۇنىڭغا تۇز ئالماقچى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى ۋە پۇلنى تەڭلىدى. دۇكانچى ئۇنىڭغا بىر خالتا تۇز ئېلىپ بەرگەچ، ئاشقان پۇلنى قايتۇرۇپ بىرىش ئۈچۈن پۇل ساناشقا باشلىدى. شۇئان دۇكانغا يەنە بىر كىشى كىرىپ بىر نەرسە ئالدى. شۇڭلاشقا، دۇكانچى بىرئاز **ھايال بولدى** ۋە بىر پەستىن كېيىن ئۇنىڭغا ئاشقان پۇلنى قايتۇرۇپ بەردى. ئەخمەت دۇكانچىغا «谢谢» رەھمەت دەپ پۇلنى ئالدى ۋە پۇلنى ساندى. قىززىق ! پۇل دۇكانچىغا بەرگەندىنمۇ كۆپ ئىدى. ياندۇرۇلغان پۇل 48.5 يۈەن ئىدى. ئەخمەت **چۆچۈپ كەتتى**. دۇكانغا يەنە خېرىدارلار كىرگەن بولۇپ، دۇكانچى ئالدىراش ئىدى. ئەخمەتنىڭ كۆڭلىگە شەيتان مۇنداق

**ۋەسۋەسە** قىلدى:«پۇلنى ئېلىپ تېز دۇكاندىن چىقىپ كەت، 40 يۈەننى ئۆزۈڭ ئېلىپ قېلىپ قالغىنىنى ئاناڭغا بەرسەڭلا ئىش پۈتىدۇ، ئۆزەڭدە قالغان پۇلغا نۇرغۇن يەيدىغان نەرسىلەرنى ۋە ئويۇنچۇقلارنى ئالالايسەن...». شۇ لەھزىدە ئۇنىڭ كۆڭلىدە ئىمانى مۇنداق **خىتاب** قىلدى:«ئاللاھ سېنى راستچىللىققا، كىشىلەرنىڭ ھەققىنى ئېلىۋالماسلىققا بۇيرىدى، خىلاپلىق قىلساڭ رەببىڭگە **ئاسىي**، گۇناھكار بولىسەن، ئاخىرەتتە سېنىڭ ھالىڭغا ۋاي !». ئەخمەت بۇ خىتابتىن **شۈركىنىپ** كەتتى ۋە ئارتۇق پۇلنى دۇكانچىغا قايتۇرۇپ بېرىشنى **قارار قىلدى**. بىراق شۇئان ئۇنىڭ كۆڭلىگە مۇنداق خىيال كەلدى:«دۇكانچى ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرمىگەن، ئىسلامغا كىرمىگەن كاپىر تۇرسا، ئۇنىڭ پۇلنى قايتۇرۇپ بېرىپ نېمە قىلىسەن؟ يەنە كېلىپ ئۇ ئۆزى خاتالىشىپ ساڭا ئارتۇق ياندۇرۇپ بەرگەن، بۇنى ئۆزىمۇ **سەزمىگەن** تۇرسا!». ئەخمەت سەل ئىككىلىنىپ قالدى. ئىمانى ئۇنىڭغا يەنە مۇنداق خىتاب قىلدى:«ئاللاھ قۇئان كەرىمدە يەھۇدىيلارنىڭ يات دىندىكىلەرنىڭ ماللىرىنى ناھەق ئېلىۋېلىپ، ئاللاھنىڭ غەزىپىگە يولۇققانلىقىنى بايان قىلغان تۇرسا، گەرچە دۇكانچى بىلمىسىمۇ، قولۇڭدىكى پۇلنىڭ ئارتۇق ئىكەنلىكىنى ئاللاھ بىلمەسمۇ؟! ئارتۇق پۇلنى **خىيانەت** بىلەن ئالغان قوللىرىڭ قىيامەت كۈنى ساڭا **گۇۋاھ** بولىدۇ!». ئەخمەت قەتئىي **نىيەتكە** كەلدى. شەيتاننىڭ يەنە كۆڭلىدە ۋەسۋەسە پەيدا قىلماسلىقى ئۈچۈن، چىن كۆڭلىدىن چىقىرىپ « ئاللاھقا سېغىنىپ قوغلاندى

شەيتاندىن پاناھ تىلەيمەن» دېدى. ئۇ دۇكانچىنىڭ ئالدىغا بىرىپ پۇلنى تەڭلىدى. دۇكانچى ئۇنىڭغا سۇئال نەزىرىدە قارىدى، ئەخمەت پۇلنى كۆرستىپ دۇكانچىغا پۇلنى خاتا ھالدا ئارتۇق ياندۇرۇپ بەرگەنلىكىنى ئۇقتۇردى. دۇكانچى ئۆز خاتالىقىنى بىلدى-دە، پۇلنى قايتا سانىدى. ئۇ ئەخمەت بەرگەن 10 يۈەننى 50 يۈەن دەپ ئويلاپ قالغان ئىدى. دۇكانچى ئەخمەت تەڭلىگەن ئارتۇق پۇلنى ئالغاچ، ئۇنىڭغا سۆيۈنۈش ۋە **ھەيرانلىق** ئىلكىدە باقتى. قولىنى ئۇنىڭ مۈرىسىگە قويۇپ **ھاياجانلانغانلىقىدىن** «سەن نېمىدىگەن راستچىل بالا! نېمە ئۈچۈن بۇنداق قىلدىڭ؟» دەپ سورىدى. ئەخمەت ئۇنىڭغا « چۈنكى مەن مۇسۇلمان، مۇسۇلمان ھەرگىز يالغانچىلىق قىلمايدۇ» دېدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ھەقىقەتەن سەمىمىيەت نۇرلىرى **پارلاپ** تۇراتتى. دۇكانچى تېخىچە ئۇنىڭغا ھەيرانلىق ئىلكىدە قاراپ تۇراتتى. ئەخمەت دۇكاندىن ئايرىلدى...

ئەخمەت سالام بىلەن ئۆيگە كىردى. دادىسى ئۇنىڭ سالىمىنى ئىلىك ئېلىپ كۈتىۋالدى. ئاڭغىچە ئانىسىمۇ چىقىپ كەلدى. ئەخمەت ئەكىرگەن تۇزنى ئانىسىغا بەردى. ئۇلار ئوغلىنىڭ چىرايىدىكى ئۆزگىرىشنى سەزدى ۋە بىر-بىرىگە قاراشتى. ئابدۇللاھ ئاكا ئوغلىنىڭ قولىدىن يېتىلەپ سۇپىدا ئولتۇرغۇزغاچ، ئۇنىڭدىن نېمە ئىش بولغانلىقىنى سورىدى. ئەخمەت ئۇلارغا بولغان ئىشلارنى سۆزلەپ بەردى. فاتىمە ھاياجانلىنىپ :«راستىنلا شۇنداق بولدىمۇ؟! بەك توغرا قىلىپسەن ئاكا!» دەپ ۋارقىرىۋەتتى.

ئاتا-ئانىسىمۇ ئۇنىڭدىن سۆيۈنۈپ كەتتى. ئانىسى:«ئوغلىمىزغا **ساپ** ئىمان ئاتا قىلغان ئاللاھقا شۈكرىلەر بولسۇن»دېدى. دادىسى :«ئوغلۇم ئاللاھنىڭ بۇيرۇغانلىرىنى **بەجا كەلتۈرۈش** ئۈچۈن، شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىلىرىگە، هارام پايدىغا ئالدانماسلىق، ئۇنىڭ كەينىگە كىرمەسلىك كېرەك. مانا بۇ ھەقىقى مۆئمىننىڭ خىسلىتىدۇر» دېدى. دادىسىنىڭ بۇ سۆزلىرىدىن ئەخمەت مۇنداق بىر نەرسىنى بىلىۋالدى:«ئاللاھ يولىدا ھەر ۋاقىت شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىلىرىگە قارشى **كۈرەش قىلىشىمىز** كېرەك ئىكەن» .

## كۆنۈكمە

1. تېكستنى راۋان، جانلىق هالدا روللارغا بۆلۈپ ئوقۇڭلار.
2. يېڭى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى بىلىۋېلىڭلار:

ئەدەبلىك داۋاملىق نەسىھەت مۇكەممەل ئەسكەرتمەك
باقماق ئىتائەت قىلىش ئورۇنلۇق خىسلەت بايقىماق
هېسيات ئۆزرە هايال بولۇش چۆچىمەك خىتاب ئاسىي
شۈركەنمەك قارار قىلماق سەزمەك خىيانەت گۇۋاھ
سۆيۈنۈش هەيران بولۇش هاياجانلىنىش ۋەسۋەسە
نىيەت پارلىماق ساپ بەجا كەلتۈرۈش كۈرەش قىلىش

3. سۆز بىرىكمىسى تۈزۈڭلار:

_____ چىراي _____ مېهرى _____ خىسلەت قەتئىي _____
ئەستايىدىل _____ سەممىي _____ هېسيات _____

4. ئەخمەت ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ئىشلىرىدىن قايسى گۈزەل ئەخلاقلارنى بىلىۋالدىڭلار؟

5. سىز ئەخمەتنىڭ ئورنىدا بولغان بولسىڭىز قانداق قىلاتتىڭىز؟ سەمىمىيلىك بىلەن تەسەۋۋۇر قىلىپ بېقىڭ.

6. ئەخمەتنىڭ ئىشىدىن قانداق قىلغاندا راستچىل بولغىلى بولىدىغانلىقىنى بىلدىڭلار؟

7. جۈملە تۈزۈپ بېقىڭلار:

شۇئان ھەيرانلىق ئىلكىدە ھاياجانلانماق سۆيۈنمەك خىسلەت

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

# مەشق باغچىسى

1. تۆۋەندىكى مەنىداش سۆزلەرنى بىلىۋېلىڭلار:

سەمىمىي ـ راستچىل چىن ـ ھەقىقى خىسلەت ـ پەزىلەت

تەسىرلەنمەك ـ ھاياجانلانماق مېھرىبان ـ رەھىمدىل

ساختا ـ يالغان

2. سۆز بىرىكمىسى تۈزۈڭلار:

سەمىمىي ____ ئەستايىدىل ____ ____ چىراي

سەبىي ____ راستچىل ____ ____ نىيەت

3. تۆۋەندىكى جۈپ سۆزلەرنى ئۆگىنىلىۋېلىڭلار:

پايدا-زىيان ئوچۇق-ئاشكارا ھەق-ناھەق ئۇرۇغ-تۇققان

ئوي-خىيال بەخىت-سائادەت بىر-بىرى ئۆز-ئارا

4.سوئال جۈملە.

بىرەر ئىش-ھەرىكەت توغرىسىدا سۇئال مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان جۈملە سۇئال جۈملە دېيىلىدۇ. سۇئال جۈملىنىڭ ئاخىرىغا سۇراق «؟» بەلگىسى قويۇلىدۇ. سۇئال جۈملىنى ئوقىغاندا ئاخىرى كۆتۈرەڭگۈ ئېيتىلىدۇ.

1) تۆۋەندىكى سۇئال جۈملىلەرنى ئوقۇپ بېقىڭلار:

ئەگەر مەن تۆپىلىك كەينىدە بىر توپ قوشۇن سىلەرگە ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن كېلىۋاتىدۇ دېسەم ئىشىنەمسىلەر؟

چۈنكى بىر راستچىل كىشى قانداقمۇ تاش ۋە ياغاچلاردىن ياسالغان نەرسىلەر پايدا-زىيان يەتكۈزىدۇ دەپ ئىشەنسۇن؟

بۇ ئوچۇق-ئاشكارا ساختىلىق ۋە ھاماقەتلىك ئەمەسمۇ؟

دۇكانچى ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرمىگەن، ئىسلامغا كىرمىگەن كاپىر تۇرسا ئۇنىڭ پۇلىنى قايتۇرۇپ بىرىپ نېمە قىلىسەن؟

2) تۆۋەندىكى سۆزلەردىن پايدىلىنىپ، سۇئال جۈملە تۈزۈڭلار:

راستچىل ساختا رەھىمدىل تەسىرلەنمەك

5. پىكىر بايان قىلىڭ.

راستچىللىق ۋە يالغانچىلىق توغرىسىدا مۇلاھىزە يۈرگۈزۈڭلار:

1) كىشىلەر راستچىل كىشىلەرنى ياقتۇرامدۇ ياكى يالغانچىلارنىمۇ؟

2) كىشىلەر نېمە ئۈچۈن يالغانچىلىق قىلىدۇ؟

3) يالغانچىلىقنىڭ ئاقىۋىتى قانداق بولىدۇ؟
4) ھەق ـ ناھەق بىلەن راست ـ يالغاننىڭ قانداق مۇناسىۋىتى بار؟
5) بىر مۆئمىننىڭ ئەڭ گەۋدىلىك ئەخلاقى قايسى؟

www.uyghurkitap.com

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

**4 ـ بۆلەك**

# ۋەدە




كىشىلەر ھاياتىدا ۋەدىدىن ئايرىلالمايدۇ. كىشىلەر بىرلىشىپ بىرەر ئىشنى قىلماقچى بولغاندا ئۆزئارا ۋەدىلىشىدۇ. مۇھىم ئىشلارنى ئۆز ئۈستىگە ئالغاندا ۋەدە بېرىدۇ. كەلگۈسىدىكى ئىشلار توغرىسىدا ۋەدە بېرىشىدۇ. ۋەدىسىدە تۇرۇش بىر ئادەمنىڭ سەمىمىيىتىنىڭ ئۆلچىمىدۇر. ئىشەنچىلىك كىشى ـ ۋەدىسىدە تۇرىدىغان كىشى باشقىلارنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشەلەيدۇ. ۋەدىسىدە تۇرىدىغان ئادەم ئىناۋەتلىك بولىدۇ. كىشىلەر ئۇنىڭغا مۇھىم ئىشلارنى تاپشۇرالايدۇ. شۇڭلاشقا، ۋەدىسىدە تۇرۇش ناھايىتى گۈزەل ئەخلاقتۇر. رەببىمىز ئاللاھ بىزنى ۋەدىمىزدە

تۇرۇشقا بۇيرۇيدۇ. ۋەدە بىر ئامانەتتۇر، ۋەدىسىدە تۇرىدىغان كىشىنى ئامانەتدار دەپ ئاتايمىز. ئامانەتدارلىق راستچىللىققا ئوخشاشلا مۆئمىنلەرنىڭ مۇھىم خىسلىتىدۇر.

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

## 10. ئاللاھقا بەرگەن ۋەدىمىز




ئوماق قېرىنداشلار، سىلەر بىر ئادەمنىڭ نېمە ئۈچۈن **شاھادەت كەلىمىسى** يەنى: «گۇۋاھلىق بېرىمەنكى بىر ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ئەلچىسى» نى دەيدىغانلىقىنى بىلەمسىلەر؟ بىر ئادەم شاھادەت كەلىمىسىنى

www.uyghurkitap.com

ئېيتىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىنى جاكارلايدۇ. سىلەر بىلىسىلەر، مۇسۇلمان بىلەن كاپىرنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىكى ئەھۋالى ھەرگىز ئوخشاش بولمايدۇ. بۇ دۇنيادا مۆئمىنلەر ئۆز-ئارا قېرىنداش، كاپىرلار بىلەن بولسا ئۆز-ئارا دۈشمەندۇر. ئۇنداقتا بۇنداق بولۇشىنىڭ سەۋەبى نېمە؟ سەۋەب دەل شاھادەت كەلىمىسىنىڭ ئۆزىدۇر.

شاھادەت كەلىمىسى ئۆز تاۋۇشى بىلەنلا **مۇھىم** بولماستىن، بەلكى ئۇنىڭ مۇھىملىقى ئۇنىڭ **مەزمۇنىدۇر**. سىلەر كەلىمە شاھادەتنى ئۆگەنگەن ۋە كۆپ ئوقۇغان، بىراق سىلەر ئۇنىڭ مەزمۇنى توغرىلىق ئويلىنىپ باقتىڭلارمۇ؟ بۇ بىر جۈملە سۆز ئەمىلىيەتتە بىر كىشىنىڭ پەقەت ئاللاھنىلا ئىلاھ دەپ **تونۇيدىغانلىقىنى**، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى دەپ **ئېتىراپ قىلغانلىقىنى** بىلدۈرىدۇ. ئەگەر بىر كىشى مۇشۇنداق تونۇشقا ئىگە بولسا ئۇنىڭغا قانداق **تەسىرى** بولىدۇ؟ ئەلۋەتتە ناھايىتى چوڭ تەسىرى بولىدۇ.

ئەگەر بىر ئادەم ئاللاھنى يېگانە **ئىلاھ** دەپ بىلسە، ئاللاھنى ئۆزىنىڭ ئىگىسى، **ھامىيسى** دەپ تونۇيدۇ؛ پەقەت ئاللاھقىلا دۇئا قىلىدۇ؛ ئۇنىڭدىنلا ئۈمىد كۈتىدۇ؛ قىيىن ئەھۋاللاردا **شاپائەت** قىلىش پەقەت ئاللاھقا خاس، دەپ شاپائەتنى پەقەت ئۇنىڭدىن تىلەيدۇ؛ ئاللاھ ھەممىنى **باشقۇرۇپ** تۇرغاچقا ، پايدا-زىيان پەقەت ئاللاھ تەرەپتىن دەپ تونۇيدۇ؛ باشقا نەرسىلەرنى ئۆزىگە **غەيبىي** يول بىلەن پايدا-زىيان يەتكۈزىدۇ، دەپ قارىمايدۇ؛ پەقەت ئاللاھقا

**تەۋەككۇل قىلىدۇ؛ ھۆكۈم** ئىشلىرىدا پەقەت ئاللاھنى ھەق ھۆكۈم قىلغۇچى دەپ تونۇيدۇ؛ ئۇنىڭ ھۆكمىنى شەرتسىز **قوبۇل قىلىدۇ.**

ئاندىن ئۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ئەلچىسى دەپ تونىسا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئاللاھ نازىل قىلغان قۇرئان كەرىمنى ئاللاھنىڭ سۆزى دەپ ئېتىراپ قىلىپ، ئۇنىڭدىكى پەرز-بۇيرۇقلارنى، **چەكلىمىلەرنى** قوبۇل قىلغان بولىدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئىبادەتتىكى ئەڭ **مۇنەۋۋەر** ئۈلگە دەپ قاراپ، ئۇنىڭ **سۈننىتىگە** ئەگىشىدۇ.

دېمەك، شاھادەت كەلىمىسى ھەقىقەتەن ئاللاھقا بەرگەن ۋەدىدۇر. بۇ ۋەدىنى **ئىشقا ئاشۇرۇش** يولى بولسا، بىز يۇقىرىدا دەپ **شەرتلەرنى** ئىجرا قىلىشتۇر. شۇڭا بىر كىشى شاھادەت كەلىمىسىنى ئېيتىپ، ئىمان كەلتۈرسە «مەن ئىسلامنىڭ بارلىق ھۆكۈملىرىنى قوبۇل قىلدىم، ئاللاھقا پۈتۈنلەي بويسۇنىمەن، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىمەن» دەپ ۋەدە بەرگەن بولىدۇ. ئەگەر ئۇ بۇ ۋەدىگە **خىلاپلىق** قىلسا ئاخىرەتتە قاتتىق جازالىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىر مۇسۇلمان ئاللاھقا بەرگەن ۋەدىسىگە **ۋاپا قىلىش** ئۈچۈن ئۆمۈر بويى تىرىشىشى لازىم.

## كۆنۈكمە

1. تېكىستنى راۋان، ئەستايىدىل ئوقۇپ مەزمۇنىنى چۈشىنىۋېلىڭلار.
2. يېڭى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى بىلىۋېلىڭلار:

www.uyghurkitap.com

شاھادەت كەلىمە جاكارلاش مەزمۇن ئېتىراپ قىلماق
تۇنىماق تەسىر مەزمۇن ئىلاھ ھامىي شاپائەت
باشقۇرۇش غەيبىي تەۋەككۇل ھۆكۈم چەكلىمە
قوبۇل قىلىش مۇنەۋۋەر ئىشقا ئاشۇرۇش سۈننەت شەرت
خىلاپلىق قىلىش ۋاپا قىلىش

3. سۆز بىرىكمىسى تۈزۈڭلار(سۆزلەرگە قوشۇمچە قوشسىڭىز بولىدۇ):

شاپائەت _____، _____ ھۆكۈم _____، _____

چەكلىمە _____، _____ ۋەدە _____، _____

مۇنەۋۋەر _____، _____ شەرت _____، _____

4. ئىلاھ سۆزىنىڭ چوڭقۇر مەنىسىنى چۈشىنىۋېلىڭلار.

5. بىر ئادەم ئاللاھنى يالغۇز ئىلاھ دەپ تونىسا قانداق قىلىشى كېرەك؟

6. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى دەپ تونۇسا قانداق قىلىشى شەرت بولىدۇ؟

7. نېمە ئۈچۈن شاھادەت كەلىمىسىنى ئاللاھقا بەرگەن ۋەدە دەيمىز؟

8. ۋەدىمىزگە ۋاپا قىلىش ئۈچۈن قانداق قىلىشىمىز كېرەك؟

9. جۈملە تۈزۈڭلار:

تەۋەككۇل خىلاپلىق قىلىش ئېتىراپ قىلماق ئەگەشمەك

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

## 11. ئامانەتدار خەلىپە ــــ ئۆمەر (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ)

ئۆمەر ئىبنى خەتتاب (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرى ئىچىدە **پەزىلەت** ۋە دىنغا مۇستەھكەملىكتە ئۈلگىلىك ساھابىلاردىن بىرى. ئۇ جاھىلىيەتتە **قاتتىق قوللىقى** ۋە **كەسكىنلىكى** بىلەن **داڭق چىقارغان** ئىدى. ئۇ ئاللاھنىڭ ھىدايىتى بىلەن ئىسلامغا كىرگەندىن كېيىن ناھايىتى **كەمتەر** ۋە **جاسارەتلىك، ئادالەتنى** قوغداشتا تەۋرەنمەيدىغان بىر مۇسۇلمان بولۇپ يېتىشىپ چىقتى.

ئۆمەر ئىبنى خەتتاب (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) ئەبۇ بەكرى (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ)دىن كېيىن مۆئمىنلەرنىڭ **خەلىپىسى** بولدى. ئۇ بۇ ۋەزىپىنىڭ نەقەدەر ئېغىرلىقىنى ئوبدان بىلەتتى. مۆئمىنلەرگە **ئەمىر** بولۇش بارلىق مۇئمىنلەرنىڭ **مەسئۇلى** بولۇپ، ئاللاھنىڭ شەرىئىتىنى ئادىل **ئىجرا قىلىش** دېمەكتۇر. ئۇ ئاللاھ تاپشۇرغان بۇ ۋەزىپىنى ئاللاھقا ۋە رەسۇلىغا **سادىق** بولۇپ، **پۈتۈن كۈچى بىلەن** ئادالەتنى بەرپا قىلىشقا ۋەدە بېرىپ ئۆز ئۈستىگە ئالدى. ئۇ ئاللاھقا ۋە بارلىق مۇسۇلمانلارغا بەرگەن بۇ ۋەدىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش يولىدا بار كۈچىنى **سەرپ قىلدى.**

ئۆمەر (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) كېچىلىرى مەدىنە كوچىلىرىنى ئارىلاپ، خەلقنىڭ ئەھۋالىنى كۆزىتەتتى. بىر كېچىسى ئۇ بىر

**ناتونۇش** ئۆينى بايقاپ قالدى. ئۇنىڭغا يېقىنلاشقاندا، ئۆي ئىچىدىن بىر ئايالنىڭ **ئىڭرىغان** ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۆي ئالدىدا بىر ئەر كىشى ئولتۇراتتى. ئۆمەر (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) ئۇنىڭدىن سورىدى:

— سەن كىم؟

— مەن بىر يولۇچى ئەئرابىي— دەپ جاۋاپ بەردى ئەر كىشى.

— ئۆي ئىچىدىن چىققان نىمە ئاۋاز؟— يەنە سورىدى ئۆمەر (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ)

— ئۆيدە تۇغاي دەپ قالغان ئايالىم بار، ئۇنىڭ يېنىدا **ھەمراھ** بولغۇدەك ئادەم يوق — دېدى ئەرابىي.

ئۆمەر (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) بۇنى ئاڭلاپ ئالدىراپ كېتىپ قالدى.

ئۆمەر (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) ئۆيگە كېلىپ، ئايالى ئۇممۇ گۈلسۈمنى ئويغاتتى ۋە ئۇنىڭغا:

— ئاللاھ ساڭا بىر ساۋاپلىق ئىش ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ — دېدى.

— نىمە ئىش بولدى؟— سورىدى ئۇممۇ گۈلسۈم.

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇبولغان ئىشنى ئېيتىپ بەردى. ئۇممۇ گۈلسۈم بۇنى ئاڭلاپ :

— ئاللاھ خالىسا قىلىمەن — دېدى-دە، تۇغۇتقا كىرەكلىك نەرسىلەرنى تەييارلىدى. ئۆمەر (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) بولسا تائامغا كېتەرلىك نەرسىلەرنى تەييارلاپ ئۆشنىسىگە ئارتتى. ئىككىيلەن بىللە سىرتقا قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

ئۇلار ھېلىقى كىشىنىڭ يېنىغا كەلدى. ئۇممۇ گۈلسۈم ئايالنىڭ قېشىغا كىرىپ كەتتى. ئۆمەر (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) بولسا ئۇ كىشىنى ئوت يېقىشقا بۇيرۇپ، ئۆزى تاماق ئېتىشكە باشلىدى. **بىر ھازادىن كېيىن** ئۆي ئىچىدىن ئۇممۇ گۈلسۈمنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

— ھەمراھىڭىزغا ئوغۇل بىلەن خۇشخەۋەر بېرىڭ، مۆئمىنلەر ئەمىرى!

بۇنى ئاڭلىغان ئەئرابىي **ھەيرانلىقتا داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى** ۋە ئۆمەر(رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ)گە سوئال **نەزىرىدە** قارىدى.

— ھازىر بۇ تائاملار بىلەن ئايالىڭ ۋە بالاڭنى ياخشى كۈتكىن، تاڭ يورۇغاندا مەسچىدكە بېرىپ بامدات نامىزىدىن كېيىن مېنى ئىزدىگىن، ساڭا ئاللاھ بۇيرىغان **نىسۋەڭدىن** بىرىمىز-دېدى ئۆمەر.

## كۆنۈكمە

1. تېكىستنى ھىسياتلىق ۋە راۋان ئوقۇشنى مەشىق قىلىڭلار.
2. يېڭى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى بىلىۋېلىڭلار:

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| پەزىلەت | قاتتىق قول | كەسكىن | داڭق | چىقارماق |
| كەمتەر | جاسارەتلىك | ئادالەت | خەلىپە | ئەمىر | ئىجرا |
| قىلىش | پۇتۇن كۈچى بىلەن | مەسئۇل | سادىق | سەرپ |
| قىلىش | ئىڭرىغان | ناتونۇش | ھەمراھ | بايان قىلىش |
| بىر ھازادىن كېيىن | نەزەر | نىسۋە | | |

3 .سۆز بىرىكمىسى تۈزۈڭلار:

جاسارەتلىك _____، _____ مۇستەھكەم _____، _____

كەسكىن ____، _____ ئامانەتدار ____، _____

كەمتەر _____، _____ ناتۇنۇش _____، _____

4. ئۆمەر(رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) كىم؟

5. خەلىپە ياكى مۆئمىنلەر ئەمىرىنىڭ قانداق مەسئۇلىيىتى بار؟

6. خەلىپە بولغان كىشى ئاللاھقا ۋە مۆئمىنلەرگە نىمە دەپ ۋەدە بەرگەن بولىدۇ؟

7. ئۆمەر(رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ)نىڭ ئىش ئىزلىرىدىن قانداق تەسىراتقا كەلدىڭىز؟

8. مەسئۇلىيەت ۋە ۋەدە توغرىسىدا مۇلاھىزە قىلىڭلار.

9. جۈملە تۈزۈڭلار:

ھەيرانلىقتا داڭ قېتىپ قالماق بار كۈچىنى سەرپ قىلماق

بەرپا قىلىش قاتتىق قول ئادالەت

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

# 12. سىز نېمە ئۈچۈن ۋەدىڭىزدە تۇردىڭىز؟



سەھرادىن باشقا يۇرتتىكى تۇغقىنىنىڭ يېنىغا كېتىۋاتقان بىر يىگىت يول بويىدىكى بىر باغنىڭ يېنىدا ئارام ئالماقچى بولۇپ توختاپتۇ. ئۇ ئېتىنى بىر دەرەخكە باغلاپ قويۇپ، ئۆزى يول بويىدىكى دەرەخقە يۆلىنىپ ئولتۇرۇپتۇ. يىگىت **سەپەرنىڭ** ھاردۇقى بىلەن مۈگدەشكە باشلاپتۇ. شۇ ئەسنادا ئات باغلاقتىن بوشۇنۇپ، باغقا كىرىپ مىۋىلىك دەرەخلەرنىڭ شېخىنى سۇندۇرۇپ يېيىشكە باشلاپتۇ. بۇنى كۆرگەن باغۋەن بوۋاي ئاتنى قوغلىۋېتىش ئۈچۈن ئاتقا تاش ئېتىپتۇ. **تۇيۇقسىز** چىققان بىر ئاۋاز بىلەن يىگىت چۆچۈپ ئويغىنىپتۇ. قارىسا ئېتى باغ ئىچىدە بېشىغا تەگكەن تاشنىڭ **زەربىسىدە** يەرگە يىقىلغان ئىدى. يىگىت يۈگرەپ بېرىپ قارىسا، ئېتى **ئاللىقاچان جان ئۈزگەن**. يىگىت ئۆزىنىڭ ئەڭ ياخشى

كۆرىدىغان ئىتتىنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى كۆرۈپ قاتتىق غەزەپلىنىپ، يەردىكى تاشنى ئېلىپ بىر چەتتە نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قاراپ تۇرغان بوۋايغا قارىتىپ ئېتىپتۇ. ئۇيلىمىغان يەردىن بوۋاي ئاللاھنىڭ **قازاسى** بىلەن **جان بېرىپتۇ**.

بوۋاينىڭ باللىرى يۈگۈرۈپ چىقىپ بولغان ئەھۋالنى ئۇقۇپ، ئۇ يىگىتتىن **قىساس** ئېلىش ئۈچۈن مۆئمىنلەر ئەمىرى ئۆمەر (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ)نىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ. ئۆمەر (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) بولغان ئىشلاردىن **خەۋەر تاپقاندىن** كېيىن، يىگىتتىن سوراپتۇ:

— گۇناھىڭغا **ئىقرارمۇ** سەن؟

يىگىت:

— ھەئە ئىقرارمەن، ئەمما مەن باشقا يۇرتتىكى تۇغقىنىمنىڭ يېنىدا تۇرىۋاتقان سىڭىللىرىمغا **مىراسىنى** يەتكۈزۈپ بېرىش ئۈچۈن كېتىۋاتقان ئىدىم. بۇ ئامانەتنى **ئادا قىلىۋالغىلى** ماڭا ئۈچ كۈن **مۆھلەت** بەرگەن بولسىلا — دەپتۇ.

— ئەگەر بىرسى ساڭا **كېپىل** بولۇپ بەرسە رۇخسەت بېرىمىز— دەپتۇ ئۆمەر (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ).

يىگىت خەلىپىنىڭ ئەتراپىدا تۇرغان ساھابىلارغا بىرمۇ بىر قاراپ چىققاندىن كېيىن گەۋدىسى سەل **پۈكۈلگەن**، بوي-بەستى سەل ۋىجىكراق بولغان ئەبۇ زەر (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ)غا ئۆزىگە كېپىل بولۇشنى ئۆتۈنۈپتۇ.

ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپتۇ. **داۋاگەرلەرمۇ** بۇ كېپىللىكنى قوبۇل قىلىپ ئۈچ كۈندىن كېيىن

مۇشۇ ۋاقىتتا يىغلىسپ، يىگىتتىن قىساس ئالىدىغان بولۇپ قايتىشىپتۇ.

ئۈچ كۈندىن كېيىن بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا ھەممەيلەن ھازىر بولۇپ يىغىلىپتۇ. ئەمما يىگىت كەلمەپتۇ. ھەممەيلەن **تىت-تىت بولۇپ** يىگىتنىڭ يولىغا قاراپتۇ. ھەممەيلەن پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئۆلگىلىك ساھابىسى ئەبۇزەر(رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ)نىڭ يىگىتنىڭ ئورنىدا دەۋاگەرلەرنىڭ دادىسىنىڭ قىساسى ئۈچۈن قۇربان بولىشىنى خالىمىغاچقا، دەۋاگەرلەردىن بۇ قىساستىن يېنىشىنى، ئۇلارغا لايىقىدا **فىدىيە** بېرىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. بىراق دەۋاگەرلەر ئۇنىماپتۇ. ئەبۇزەر (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) ئۆزىنىڭ قىساس ئېلىشقا رازى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ، تاھارەت ئېلىپ ناماز ئوقۇپتۇ.

شۇ ئەسنادا يىگىت ھاسىرىغىنىچە يېتىپ كەپتۇ ۋە كېچىكىپ قالغىنى ئۈچۈن ئۆزرە ئېيتىپ:

— تۇغقىنىمنىڭ يېنىغا بېرىپ سىڭىللىرىمنىڭ مىراسىنى ئۆلەشتۈرۈپ بېرىپلا يولغا چىققان ئىدىم، شۇنچە ئالدىرىغان بولساممۇ كېچىكىپ قالدىم، مېنى ئەپۇ قىلىڭلار!— دەپتۇ.

ھەممەيلەن ھەيرانلىق ۋە ھاياجان ئىلكىدە يىگىتكە قاراپتۇ. يىگىت ئۇلارنىڭ ھەيرانلىق نەزىرىنى كۆرۈپ **خورلۇق** ھېس قىلىپ، كۆزلىرىگە ياش ئېلىپتۇ ۋە قوللىرىنى كۆتۈرۈپ دۇئا قىلىپ مۇنداق دەپتۇ:

— مەن ئىمانىمنى بۇ يەردە قويۇپ كەتكەن تۇرسام، مەن ئىمانسىز قانداق ياشايمەن؟ مەن نېمە دەپ قايتىپ كەلمىگۈدەكمەن ؟! ئى

رەببىم، بۇلار ماڭا ھەيران قېلىشىۋاتىدۇ، مەن نېمە دەپ ۋەدەمگە خىلاپلىق قىلايكى، سەن ئۇنى ئاڭلىغان، مىنى ئىشىمنى كۆرۈپ تۇرغان، مەن سىنىڭ **دەرگاھىڭغا** قايتىدىغان تۇرسام...».

يىگىتنىڭ دۇئاسىنى ئاڭلاپ ئۆمەر (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ)مۇ يىغلاپ تاشلاپتۇ. ھەممەيلەن يىگىتنىڭ سۆزلىرىدىن، ئۇنىڭ سەممىي پەزىلىتىدىن تەسىرلەنگەن ئىدى. ئۆمەر (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) ئەبۇزەر (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ)دىن سوراپتۇ :

— سەن بۇ يىگىتنى تونامسەن؟

— ياق مەن ئۇنى ھىچ تونۇمايمەن— دەپتۇ ئەبۇزەر (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ).

— ئۇنداقتا نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭغا كېپىل بولدۇڭ؟

ئەبۇزەر (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ):

— مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام **دۇنيادىن كېتىپلا**، ئۇنىڭ ئۈممىتى ئارىسىدا **ئىشەنچ** يوقىلىپتۇ دېيىلمىسۇن دەپ، ئۇنىڭغا كېپىل بولدۇم.

بۇ ئەھۋالدىن تەسىرلىنىپ كۆزلىرىگە ياش ئالغان دەۋاگەرلەر:

— بىز ئاتىمىزنىڭ قىساسىدىن كەچتۇق— دېيىشىپتۇ.

بۇنى ئاڭلىغان ئۆمەر(رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) سوراپتۇ:

— نېمىشقا ئەمدى؟

— مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام دۇنيادىن كېتىپلا، ئۈممىتىنىڭ ئارىسىدا مېھىر-شەپقەت يوقىلىپتۇ دېيىلمىسۇن ئۈچۈن — دەپتۇ دەۋاگەرلەر.

## كۆنۈكمە

1. تېكستنى ھېسياتلىق ۋە راۋان ئوقۇشنى مەشىق قىلىڭلار، ئاخىرقى ئابزاسنى روللارغا بۆلۈپ ئوقۇڭلار.

2. يېڭى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى بىلىۋېلىڭلار:

سەپەر تۈيۇقسىز زەربە ئاللىقاچان جان بېرىش(ئۈزۈش)

قازا قىساس خەۋەر تېپىش ئىقرار مۆھلەت كېپىل

پۈكۈلگەن تىت-تىت بولۇش پىدىيە خورلۇق دەۋاگەر

دۇنيادىن كېتىش دەرگاھ ئىشەنچ

3. سۆز بىرىكمىسى تۈزۈڭلار:

جان _____، _____ تۈيۇقسىز _____، _____

ئاللىقاچان ____، _____ _____، _____ زەربە

4. ھېكايىدىكى يىگىت نېمە ئۈچۈن ۋەدىسىدە تۇرىدۇ؟

5. بۇ ۋەقەدىن قانداق تەسىراتقا كەلدىڭىز؟

6. تېكستنى ئۆز تىلىڭلارغا ئايلاندۇرۇپ بايان قىلىڭلار.

7. جۈملە تۈزۈڭلار:

سەپەر تۈيۇقسىز تىت-تىت بۇلۇش ھېس قىلىش

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

# مەشىق باغچىسى

1. تۆۋەندىكى مەنىداش سۆزلەرنى بىلىۋېلىڭلار:

ۋەدىگە ۋاپا قىلىش ـ ئامانەتدارلىق    پەزىلەت ـ خىسلەت

ۋەدىسىدە تۇرماسلىق ـ ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلىش    قارىماق ـ نەزەر تاشلىماق ـ باقماق

2. سۆز بىرىكمىسى تۈزۈڭلار:

ۋەدە ____، ____    مۇھىم ____، ____    جان ____، ____

ئۈلگىلىك ____، ____    پۈتۈن كۈچى بىلەن ____، ____

ناتونۇش ____، ____    بوي ـ بەستى ____، ____

خەۋەر ____، ____    كەمتەر ____، ____

3. جۈملە تۈزۈڭلار:

جاكارلاش    ئىجرا قىلىش    ئۈمىد كۈتۈش    سەپەر    تۇيۇقسىز

بىر ھازادىن كېيىن    مەسئۇل بولماق    دۇنيادىن كەتمەك

4. ئۈندەش جۈملە.

بىرەر ئىش ھەرىكەتكە نىسبەتەن، بۇيرۇق، چاقىرىق، شۇئار، ھاياجان ۋە ھەيرانلىقنى بىلدۈرىدىغان جۈملە ئۈندەش جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ. ئۈندەش جۈملىنىڭ ئاخىرىغا ئۈندەش «!» بەلگىسى قويىلىدۇ. بەزى ئەھۋاللاردا سوئال مەنىسى ھەم بولغان ئۈندەش جۈملىلەرگە سوراق «؟» بەلگىسى ھەم قويىلىدۇ. مەزمۇنىغا

ئاساسەن، قايسى خىل مەنىسى كۈچلۈك بولسا شۇنىڭ بەلگىسى ئالدىدا قويىلىدۇ. ئۈندەش جۈملىنى ئۇقىغاندا، ئاخىرى كۆتۈرەڭگۈ، ھېسياتلىق ئوقۇلىدۇ.

1) تۆۋەندىكى ئۈندەش جۈملىلەرنى ئۇقۇپ چىقىڭلار:

ئارتۇق پۇلنى خىيانەت بىلەن ئالغان قولىرىڭ قىيامەت كۈنى ساڭا گۇۋاھ بولىدۇ!

شۇنچە ئالدىرىغان بولسامۇ كىچىكىپ قالدىم، مىنى ئەپۇ قىلىڭلار!

ھەمراھىڭىزغا ئوغۇل بىلەن خوش-خەۋەر بىرىڭ، مۇئمىنلەر ئەمرى!

نېمە دېگەن چىن، ئۇلۇغ قېرىنداشلىق-ھە!

سەن نېمىدىگەن راستچىل بالا!

مەن نېمە دەپ قايتىپ كەلمىگۈدەكمەن؟!

قولۇڭدىكى پۇلنىڭ ئارتۇق ئىكەنلىكىنى ئاللاھ بىلمەسمۇ؟!

2) تۆۋەندىكى سۆزلەردىن پايدىلىنىپ، ئۈندەش جۈملە تۈزۈڭلار:

ۋەدە يېقىملىق راستچىل مۇھىم كەمتەر

ئاغزاكى ئالاقە

1- ۋەقە

ئاينۇر ساۋاقدىشى رازىيەگە شەنبە كۈنى دەرس تەييارلاپ بىرىشكە ۋەدە بەردى. ئەمما ئاتا-ئانىسى ئاينۇر بىلەن ئىنىسىنى شەنبە كۈنى باغچىغا ئاپىرىپ ئوينىتىشنى پىلانلىغان ئىدى. ئاينۇر باغچىغا باشقا كۈنى بېرىشنى تەلەپ قىلدى. ئەمما ئىنىسى ئابدۇللاھ

جىدەل قىلىپ پەقەت ئۇنىماي تۇرىۋالدى. ئاتا ـ ئانىسىمۇ بىر نەرسە دېيەلمەي قالدى. سىز ئاينۇرغا قانداق تەكلىپ بېرىسىز؟

2 ـ ۋەقە

مۇھەممەد دوستلىرى بىلەن قۇش ئوۋلاشقا بېرىشقا ۋەدىلەشكەن ئىدى. ئۇ دادىسىدىن قۇشلارنى زۇرۇرىيەتسىز تۇتۇشنىڭ ياخشى ئىش ئەمەسلىكىنى، ئۇلارنىڭ قۇش ئوۋلىماي باشقا پائالىيەت قىلسا، مەسىلەن: توپ ئوينىسا ياكى لەگلەك ئۇچۇرۇپ ئوينىسا تېخىمۇ ياخشى ئىش بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى. سىزنىڭچە مۇھەممەد قانداق قىلسا توغرا بولىدۇ؟

3 ـ ۋەقە

مۇكەررەم ئۆيدە تاپشۇرۇق ئىشلەۋاتاتتى. هاما ئاچىسى قىزى خەدىچىنى ئېلىپ ئۇلارنىڭ ئۆيىگە كەلدى ۋە ئۇلارنى ئويناتقىلى ئاپارماقچى بولدى. ئەمما ئەتە مۇئەللىمى تاپشۇرۇقنى يىغاتتى. مۇكەررەم زادى قانداق قىلىشنى بىلەلمەي قالدى. سىز ئۇنىڭ ئورنىدا بولسىڭىز قانداق قىلاتتىڭىز؟

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

**5 ـ بۆلەك**

# ئاللاھنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى بايقاش



ئاللاھ ئاسمانلارنى، زېمىننى ۋە ئۇلار ئارىسىدىكى نەرسىلەرنى يەنى بارچە مەۋجۇداتنى ھەق ئاساستا، مۇئەييەن ئۆلچەم بىلەن مەلۇم مەقسەت، نىشان ئۈچۈن ياراتتى. ئاللاھ بۇ توغرىلىق قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ:« ئاللاھ ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى سىلەرگە بويسۇندۇرۇپ بەردى، بۇنىڭدا ھەقىقەتەن تەپەككۇر قىلىدىغان قەۋم ئۈچۈن دەلىللەر بار»(سۈرە جاسىيە 13ـ ئايەت). «ئاسمانلارنى، زېمىننى ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى نەرسىلەرنى ئويناپ ياراتقىنىمىز يوق، ئۇلارنى بىز پەقەت ھەق ياراتتۇق ۋە لېكىن ئىنسانلارنىڭ تولىسى بۇنى بىلمەيدۇ»(سۈرە دۇخان 38ـ39ـ ئايەتلەر). دېمەك، ئاللاھ

ئاسمانلار ۋە زېمىننى ۋە ئۇلار ئارىسىدىكى بارچە شەيئىلەرنى بىز ئىنسانلارنىڭ پايدىلىنىشىمىز ئۈچۈن مۇئەييەن قانۇنىيەت بويىچە ياراتقان. ئەگەر بىز تىرىشىپ بۇ قانۇنىيەتلەرنى بايقاپ چىقساق، ئۇ ھالدا ئاللاھ بىزگە بويسۇندۇرۇپ بەرگەن يېڭى بايلىقلاردىن پايدىلىنالايمىز. مەسىلەن، ئېلېكتىر ئېنېرگىيىسىنى ئاللاھ ئاسمان-زېمىننى ياراتقاندا بىللە ياراتقان. ئەمما ئىنسانلار تېخى يېقىنقى يىللاردىلا ئاندىن ئۇنى بايقاپ پايدىلىنىشقا باشلىدى. مۇشۇنىڭغا ئوخشاش بىز ھازىرمۇ بايقىمىغان ئاللاھنىڭ نېئمەتلىرى بولۇشى مۇمكىن، قېنى كىلىڭلار، بىز بىرلىكتە ئىزدىنىپ باقايلى!

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

## 13.ئاللاھنىڭ مەخلۇقاتلىرىدىكى قانۇنىيەتلەرنى بايقاش



ئاللاھ پۈتۈن مەۋجۇداتنى يۈكسەك ھېكمەتنى بىلەن ناھايىتى **ئۆلچەملىك** ۋە مەنپەئەتلىك قىلىپ ياراتتى. بىزگە ئەقىل-پاراسەت

ئاتا قىلىپ ئۆز مەخلۇقاتلىرىدىكى ھېكمەتلىرىنى بايقاپ، ئۇلاردىن ياخشى پايدىلىنىشىمىزنى ۋە ئۇلاردىكى ھېكمەتلەردىن ئاللاھنىڭ **چەكسىز** ئىلىم-ھېكمىتى، كۈچ-قۇدرىتىنى تونۇپ ئىبرەت ئېلىشىمىزنى **تەلەپ قىلدى**. ئاللاھ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ :«ئاسمانلاردا ۋە زېمىندا ئىشىنىدىغانلار ئۈچۈن ئىبرەتلەر بار، ئۆزلىرىڭلارنىڭ يارىتىلىشىدا ۋە زېمىنغا تارقىتىۋەتكەن ھايۋانلارنىڭ يارىتىلىشىدا چىن ئىشىنىدىغان قەۋم ئۈچۈن دەلىللەر بار، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ ئالمىشىپ تۇرىشىدا، ئاللاھ ئاسماندىن چۈشۈرۈپ، ئۆلگەن زېمىننى تىرىلدۈرگەن يامغۇردا ۋە شامالларنىڭ ئۆزگىرىپ تۇرىشىدا چۈشىنىدىغان قەۋم ئۈچۈن ئەلۋەتتە دەلىللەر بار»(سۈرە جاسىيە 5_3-ئايەتلەر). شۇنداق، ئەتراپىمىزدا نۇرغۇن ھېكمەتلىك **ھادىسىلەر** يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. بىراق بىز بۇنى بايقىيالمايمىز. بىز كۆزىمىز بىلەن قاراپلا قالماستىن «ئەقىل كۆزى»مىز بىلەنمۇ قارىغاندا، ئاندىن ئۇنىڭدىكى ھېكمەت ۋە **ئالامەتلەرنى** كۆرۈپ يىتەلەيمىز.

نۇرغۇن كىشىلەر پەقەت ھادىسىلەرنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشىگىلا قاراپ **خۇلاسە** چىقىرىدۇ. ئەمما بۇنداق قىلىش كۆپىنچە ئەھۋالدا خاتا **يەكۈنگە** باشلايدۇ. مەسىلەن، تاكى 16-ئەسىرگىچە كىشىلەر زېمىن جىم تۇرىدۇ، قۇياش بولسا زېمىننى ئايلىنىدۇ، دەپ قارايتتى. ئەمەلىيەتتە بىز زېمىندا تۇرۇپ **كۆزەتسەك**، قۇياش ئەتىگىنى شەرق تەرەپتىن كۆتۈرۈلۈپ، **بارغانسىرى** ئېگىزلەپ، تىكلىشىپ، ئاندىن **ئاستا-ئاستا** قىيسىيىپ غەربكە يۆتكىلىپ، ئاخىرى **پېتىپ كېتىدۇ**.

بۇ پەقەت بىزنىڭ زېمىندا تۇرۇپ كۆرگەنلىرىمىزدىنلا ئىبارەت، خالاس. بۇ خۇددى ماشىنا ئىچىدىكى ئادەم سىرتقا قارىسا، يولدىكى نەرسىلەر تېز **سۈرئەتتە** كەينىگە كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلغاندەك بىر ئىش. لېكىن يولدا جىم تۇرۇپ كۆزەتكەن ئادەم بولسا ماشىنا مېڭىۋاتىدۇ، يولدىكى نەرسىلەر بولسا جىم تۇرۇۋاتىدۇ، دەپ توغرا ھۆكۈم قىلالايدۇ.

ئەمەلىيەتتە، زېمىن ئۆز ئوقىدا چۆرگىلىگەچ قۇياش ئەتراپىدا ئايلىنىدۇ. قۇياش بولسا زېمىنغا نىسبەتەن جىم تۇرىدۇ. زېمىنىنىڭ قۇياشقا يۈزلەنگەن تەرىپىدە كۈندۈز بولسا، قارشى تەرىپىدە قاراڭغۇ كېچە بولىدۇ. مانا بۇ ئاللاھنىڭ ھېكمىتىدۇر. بۇ ھېكمەتنى پەقەت كۆز بىلەن كۆرۈش ئارقىلىقلا ئەمەس، بەلكى سەۋەبىنى ئويلىنىش ۋە ھېسابلاش ئارقىلىق بىلگىلى بولىدۇ.

ئاللاھنىڭ **قانۇنىيەتلىرىنى،** ھادىسىلەرنىڭ سىرتقى كۆرىنىشىنى كۆزىتىپ، ئۇنىڭ سەۋەبلىرى ھەققىدە ئىزدىنىپ، ئويلىغانلىرىمىزنى **تەجرىبە** قىلىپ **سىناپ باققاندىلا** ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن بايقىيالايمىز. بۇ خۇددى ئاللاھقا **يېلىنىپ** نېئمەت تىلەۋاتقان بەندىنىڭ ھەركىتىگە ئوخشايدۇ. كىمكى ئەقلىنى ئىشقا سېلىپ ئاللاھنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى بىلىشنى ئىستىسە، توختاۋسىز **ئىزدەنسە،** ئاللاھ ئۇنىڭغا بىلدۈرىدۇ. ئاللاھنىڭ قانۇنىيەتلىرى ھەققىدىكى ئىلىم كىشىگە دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك مەنپەئەت بېرىدۇ.

## كۆنۈكمە

1. تېكستنى ئەستايىدىل، راۋان ئوقۇپ چىقىڭلار.

2. يېڭى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى بىلىۋېلىڭلار:

مەۋجۇدات ئۆلچەملىك تەلەپ قىلماق ھادىسە ئالامەت

خۇلاسە يەكۈن كۆزىتىش ئاستا ـ ئاستا سۈرئەت

پېتىپ كېتىش بارغانسىرى قانۇنىيەت تەجرىبە

سىناپ بېقىش يېلىنىش ئىزدىنىش

3. سۆز بىرىكمىسى تۈزۈڭلار:

بارغانسىرى______، _______ ئاستا ـ ئاستا______، ______

خۇلاسە_____، ______ مەنپەئەتلىك______، ______

يۈكسەك_____، ______ ئۆلچەملىك_____، _____

4. كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ ئالمىشىش سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈڭ؟

5. ئاللاھنىڭ قانۇنىيەتلىرىدىكى ھېكمەتلەرنى قانداق قىلغاندا بايقىغىلى بولىدۇ؟

6. كۆزىتىش، ئويلىنىش، خۇلاسە چىقىرىش باسقۇچلىرى بويىچە بىر ھادىسە ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزۈپ بېقىڭلار؟

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

# 14. نېمە ئۈچۈن؟



ئاللاھنىڭ مەخلۇقاتلىرىدىكى ئالامەت، دەلىل، ئايەتلىرىنى پەقەت ئويلانغۇچى، ئەقىل ئىشلەتكۈچى كىشىلەرلا تونۇيالايدۇ. شۇڭلاشقا ئاللاھ بىزگە بۇ ھەقىقەتنى ئەسكەرتىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ يەر يۈزىنى كەڭ ياراتتى، يەر يۈزىدە تاغلارنى ۋە دەريالارنى ياراتتى، مېۋىلەرنىڭ ھەر بىر تۈرىنى ئەركەك-چىشى ئىككى جىنىسلىق قىلىپ ياراتتى، كېچىنى كۈندۈزگە كىرىشتۈردى، بۇلاردا **تەپەككۇر** قىلىدىغان قەۋم ئۈچۈن دەلىللەر بار»(سۈرە رەئىد 3-ئايەت). ئۇنداقتا ئاللاھنىڭ تەبىئەت دۇنياسىدىكى **ئايەتلىرىنى** ئوقۇش ئۈچۈن ئەقلىمىزدىن قانداق پايدىلىنالايمىز؟

ئەمەلىيەتتە، ئاللاھ بىزنىڭ ئەقلىمىزگە ئويلاش، تەپەككۇر قىلىش **قابىلىيىتىنى** بېرىپ ياراتقان. خۇددى يەر ئاستىدا سۇ

**بايلىقىنى** ئورۇنلاشتۇرۇپ، بىزنى ئېچىپ پايدىلىنىشنى تەلەپ قىلغىنىغا ئوخشاش. ئاللاھ بىزدىن سوئال سوراپ ئىزدىنىش ئارقىلىق ئەقلىمىزنى ئېچىپ پايدىلىنىشنى تەلەپ قىلدى. «نېمە ئۈچۈن» دەپ سوئال قويۇش تەپەككۇرنىڭ باشلىنىشىدۇر ۋە ئاچقۇچىدۇر. بۇھەقتە مۇنداق بىر قىزىق ھېكايە بار:

نيوتۇن ئىسىملىك بىر ياش بالا بار بولۇپ، ئۇ ئۆزى كۆرگەن ھادىسىلەرنىڭ سەۋەبىنى بىلىشكە ناھايىتى **قىزىقىدىكەن**. كىشىلەر ئادەتتىكى ئىش دەپ قاراپ **دىققەت قىلىپ** كەتمەيدىغان ئىشلارغىمۇ نيوتۇن «نېمە ئۈچۈن شۇنداق بولىدۇ؟» دەپ ئۆزىگە سوئال قويىدىكەن. بىر كۈنى، ئۇ بېغىدىكى بىر تۈپ ئالما دەرىخىنىڭ ئاستىدا ئولتۇرۇپ، ئۆزى قىزىقىدىغان تەبىئەت ھادىسىلىرى توغرىلىق ئويلىنىشقا باشلاپتۇ. بۇ دەل ئالمىلار مەي باغلاپ پىشقان مەزگىللەر بولغاچقا، دەرەختىن توككىدە قىلىپ يەرگە چۈشكەن بىر ئالما نيوتۇننىڭ دىققىتىنى چېچىپتۇ. ئۇ ئالمىغا قاراپ ئۇنىڭ دەرەختىن يەرگە چۈشكەنلىكىنى بىلىپتۇ-دە، تۇيۇقسىز بىر يېڭى نەرسىنى ھېس قىلىپتۇ. نېمىشقا ئالما پىشىپ بېغى بوشىغاندا، ھاۋادا **لەيلەپ** تۇرۇپ قالماي يەرگە چۈشىدۇ؟ شۇنىڭدەك قولۇمدىن بىر نەرسە چۈشۈپ كەتسە، ئۇمۇ يەرگە چۈشۈپ كېتىدۇ؛ مەنمۇ يەر ئۈستىدە تۇرىمەن؛ ئەگەر كۈچ بىلەن بەدىنىمنى **تىرەپ** تۇرمىسام يىقىلىپ چۈشىمەن؛ بىز كۆرىۋاتقان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى بىر كۈچ ئارقىلىق تىرەپ تۇرۇلمىسا، يەرگە چۈشۈپ كېتىدىكەن. بۇنىڭ سەۋەبى زادى نېمە؟ نيوتۇن تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ ئويلىنىشقا

www.uyghurkitap.com

باشلاپتۇ ۋە مۇنداق خۇلاسىگە كەپتۇ: يەرنىڭ ئۆز ئۇستىدىكى بارلىق **ماددىي** نەرسىلەرنى ئۆزىگە تارتىدىغان كۈچى بار. بۇ كۈچ **جىسمىنىڭ** ئېغىرلىقىغا ئوڭ تاناسىپ. مانا بۇ زېمىننىڭ ئېغىرلىق كۈچىنىڭ تۇنجى بايقىلىشىدۇر.

كېيىنچە نيۇتون بۇ خىل ئېغىرلىق كۈچى ھەققىدە تېخىمۇ **ئەتراپلىق** ئىزدىنىپ، بۇ خىل كۈچنىڭ ھەر قانداق ئىككى جىسىم ئوتتۇرىسىدا **مەۋجۇت** بولىدىغان تارتىش كۈچى ئىكەنلىكىنى بايقىدى. **كائىناتتىكى** ئاي، قۇياش، زېمىن ۋە باشقا يۇلتۇزلار ۋە **پىلانىتلار** مۇشۇ خىل كۈچنىڭ تەسىرىدە بىر-بىرىنى ئايلىنىدۇ. سىلەرمۇ نۇرغۇن ئىشلارغا ھەيران قالامسىلەر؟ سىلەرمۇ ئۇنىڭ سەۋەبىنى بىلىش ئۈچۈن ئىزدەنسەڭلار، ئاللاھ خالىسا، سىلەرمۇ ئاللاھنىڭ مەخلۇقاتلىرىدىكى **ئاجايىپ** ھېكمەتلەرنى بايقىيالايسىلەر.

## كۆنۈكمە

1. تېكىستنى ئەستايىدىل ئوقۇپ چىقىپ، مەزمۇنىنى چۈشىنىۋېلىڭلار.

2. يېڭى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىۋېلىڭلار.

ئايەت تەپەككۇر قىلىش بايلىق قابىلىيەت قىزىقىش دىققەت قىلماق لەيلىمەك تىرەپ تۇرماق ماددىي جىسىم ئوڭ تاناسىپ ئەتراپلىق مەۋجۇت ئاجايىپ كائىنات پىلانىت

3. سۆز بىرىكمىسى تۈزۈڭلار:

دەلىل ____، ____ ____، ____دەلىل

ماددىي ____، ____ ئاجايىپ____، ____

4. نىيوتۇننىڭ يەرشارىنىڭ ئېغىرلىق كۈچىنى بايقاش جەريانىنى ئۆز تىلىڭلارغا ئايلاندۇرۇپ بايان قىلىڭلار.

5. ئۆزەڭلار كۆرگەن ئەمما سەۋەبىنى بىلەلمىگەن ھادىسىلەر توغرىسىدا پىكىر يۈرگۈزۈپ، ئۆز-ئارا ئورتاقلىشىڭلار.

6. جۈملە تۈزۈڭلار:

تەپەككۇر قىلىش قىزىقىش دىققەت قىلماق ئالامەت

ئوڭ تاناسىپ

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

## 15. تېلفۇننىڭ ئىجاد قىلىنىشى






سىلەر تېلفۇننىڭ قانداق **ئىجاد** قىلىنغانلىقىنى بىلەمسىلەر؟ بىز

سۆزلىشىۋاتقان ھازىرقى تېلفوُن بىلەن ئەڭ دەسلەپتە كەشىپ قىلىنغان تۇنجى تېلفوُننىڭ ناھايىتى چوڭ **پەرقى** بار. تېلفوُننىڭ كەشىپ قىلىنىشىمۇ ناھايىتى **قىزىقارلىق** ۋە **ئەھمىيەتلىك** بىر ھېكايە.

ئەنگلىيىلىك ياش بىل مۇنداق بىر **تەسەۋۋۇر ھەققىدە** ئويلىنىشقا باشلاپتۇ: مەن يىراقتىكى دوستلىرىم بىلەن ئۇلارنىڭ يېنىغا بارماي تۇرۇپمۇ سۆزلىشەلىشكە **قادىر بولالىسام** نېمە دېگەن ياخشى بولاتتى ـ ھە! ئۇ ئاۋازنىڭ تارقىلىشى ھەققىدە ئىزدىنىشكە كىرىشىپتۇ: ئاۋاز ھاۋادا، قاتتىق جىسىملاردا، سۇيۇقلۇقلاردا تارقىلالايدىكەن. بىراق پەقەت قاتتىق جىسىملارلا **مۇقىم** تۇرالايدۇ. توغرا، بىر خىل قاتتىق جىسىم ئارقىلىق ئاۋازنى تارقىتىپ ۋە قوبۇل قىلساق، يىراق ئارلىقتىمۇ سۆزلىشىش **مۇمكىن بولغىدەك!** ئۇ ئاۋاز تارقىتىش **ۋاستىسىغا** يىپنى ئىشلىتىپتۇ، ئاۋازنى تارقاتقاندا ۋە قوبۇل قىلغاندا يىپنىڭ ئىككى تەرىپىگە ئىككى كىچىك ساندۇقچىنى چىگىپتۇ، ساندۇقچىنىڭ بىرسىنى ئۆز ئۆيىدە قويۇپ بىرسىنى قوشنا ئۆيدىكى دوستىغا بېرىپتۇ. ئۇ ئۆز ئۆيىدە تۇرۇپ ساندۇقچىغا يېقىن كېلىپ سۆزلەپتۇ، دوستى ئۇنىڭ سۆزىنى ئېنىق ئاڭلىيالاپتۇ. ئىككىسى بىر ـ بىرىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ناھايىتى **خوشال بولۇپتۇ**. يېڭى **كەشپىيات** تېلفوُن مانا مۇشۇنداق مەيدانغا كەپتۇ.

كۇنلەر ئۆتۈپتۇ ئايلار ئۆتۈپتۇ، تېلفوُننىڭ ساندۇقچىلىرى ۋە ئۇنى تۇتاشتۇرىدىغان يىپلار **ھەر خىل ھەر ياڭزا** شەكىلدە ئۆزگىرىپتۇ، ئەمما ئۇنىڭ **پىرىنسىپى** ۋە ئىجاد قىلىنىشىدىكى تەسەۋۋۇر ئۆزگەرمەپتۇ.

تېلفوُنغا ئوخشاش تۇرمۇشىمىزنى **قولايلاشتۇرىدىغان** نۇرغۇن ۋاستىلار، ماشىنىلار ياسالدى. بۇ ھەممىسى ئاللاھ بىزگە ئاتا قىلغان ئەقىلنى ئىشلىتىپ ئاللاھنىڭ بىزگە بەرگەن نېئمەتلىرى، قانۇنىيەتلىرىدىن پايدىلىنىش ئارقىلىق مەيدانغا كەلگەن. بىز بۇ **ئىجادىيەتلەردىن** ياخشىلىق يوللىرىغا پايدىلىنىش ئارقىلىق ئاللاھقا شۈكرى ئېيتىشىمىز، ئاللاھنىڭ **پەزلىنى** تىلەپ **توختاۋسىز** ئىزدىنىشىمىز كېرەك.

## كۆنۈكمە

1. تېكىستنى ئەستايىدىل راۋان ئوقۇپ چىقىپ، مەزمۇنىنى چۈشىنىۋېلىڭلار.

2. يېڭى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىۋېلىڭلار:

ئىجاد(ئىجادىيەت) كەشىپ(كەشپىيات) پەرق قىزىقارلىق ئەھمىيەتلىك تەسەۋۋۇر ھەققىدە سۈيۈقلۇق قادىر بولماق مۇمكىن بولماق مۇقىم ۋاستە پىرىنسىپ ھەرخىل ھەرياڭزا خوشال بۇلۇش قولايلىق پەزىل توختاۋسىز

3. سۆز بىرىكمىسى تۈزۈڭلار:

قولايلىق ______، ______ مۇقىم ______، ______

توختاۋسىز______، ______ ئەھمىيەتلىك ______، ______

4. تېلفوُنىنىڭ كەشپ قىلىنىش جەريانىنى ئۆز تىلىڭلارغا ئايلاندۇرۇپ بايان قىلىڭلار.

5. ئۆزەڭلار قىزىققان نەرسىنىڭ كەشپ قىلىنىش ۋەقەلىكىنى توپلاپ كېلىپ، ئۆز-ئارا مۇلاھىزە قىلىڭلار.

www.uyghurkitap.com

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

# مەشق باغچىسى

1. مەنىداش سۆزلەرنى بىلىۋېلىڭلار:

مەۋجۇدات-شەيئى   دەلىل-ئىسپات   خۇلاسە -يەكۈن

تەپەككۇر قىلىش- ئويلاش   ئىجاد قىلىش-كەشپ قىلىش

2. سۆز بىرىكمىسى تۈزۈڭلار:

______، ______ھادىسە   ______، ______ھەققىدە

______، ______كەشپىيات   قىزىقارلىق ______، ______

3. تۆۋەندىكى شەكىل بويىچە جۈملە تۈزۈڭلار:

..........بولسا نېمە دېگەن ياخشى -ھە!

4. تەپەككۇرنىڭ قەدەم باسقۇچلىرى:

كۆزىتىش-ئىزدىنىش-يەكۈن

1) مەنمۇ تەپەككۇر قىلالايمەن: مەلۇم بىر ھادىسىنى يۇقىرىقى قەدەم باسقۇچلار بويىچە تەھلىل قىلىڭلار. (مەسىلەن:سۇنىڭ مۇزلىشى)

2) شەيئىلەرنىڭ ئالاھىدىلىكىنى كۆزىتىش.

تۆۋەندە بېرىلگەن ھەر بىر شەيئىنىڭ سىز دىققەت قىلغان ئۈچ خىل

ئالاھىيدىلىكىنى ھەمدە ئۇلارنىڭ ئەھمىيىتىنى يېزىڭلار:

| شەيئى | ئالاھىيدىلىك | بۇ ئالاھىيدىلىكنىڭ ئەھمىيتى |
|---|---|---|
| **خىش** | قۇپال، يىرىك<br>ئېغىر<br>تىكتۆتبۇلۇڭلۇق جىسىم | ئۇستىگە سىمۇنت ئاسان يېپىشىدۇ<br>شامال ئۇچىرالمايدۇ<br>تۈز سىزىقنى بويلاپ رەتلىك تىزىشقا پايدىلىق |
| **تەڭگە** | ______<br>______<br>______ | ______<br>______<br>______ |
| **بايراق** | ______<br>______<br>______ | ______<br>______<br>______ |
| **گېزىت** | ______<br>______<br>______ | ______<br>______<br>______ |

4. تەپەككۇر قىلىشنىڭ ئەھمىيىتىنى مۇلاھىزە قىلىڭلار.

ماتېرىيال : (1) تۆۋەندىكى ئەنگلىيىلىك فىزىكا ۋە ماتېماتىكا ئالىمى نىيوتۇننىڭ ئۆز ئەسىرىدىكى سۆزلىرى* :

ئېغىرلىق كۈچى پىلانىتلارنى ھەرىكەت قىلدۇرالايدۇ. بىراق

ئاللاھنىڭ كۈچى بولمىسا، ئۇلارنىڭ ھازىرقىدەك قۇياشنى چەمبەر شەكىللىك ئوربىتىدا ئايلىنىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

بىز چوقۇم ئىقرار قىلىشىمىز كېرەككى، بىر ئاللاھ بار ئۇ يۈكسەكتۇر؛ مەڭگۈلۈكتۇر؛ ھەممە جايدا مەۋجۇدتۇر؛ ھەممىنى بىلگۈچىدۇر؛ ھەممىگە قادىردۇر؛ ئۇ ھەممىنىڭ ياراتقۇچىسىدۇر؛ ئەڭ پاراسەتلىك، ئەڭ ئادىل، ئەڭ مېھرىبان، ئەڭ ئۇلۇغدۇر.

(2) تۆۋەندىكىسى گوللاندىيىلىك ئاسترونومىيە ئالىمى نىكولاي كوپېرنىكنىڭ ئۆز ئەسىرىدىكى سۆزلىرى* :

بىر ئادەم ئۆزى ئەڭ مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇلغان ۋە ئىلاھىي كۈچ بىلەن ئورۇنلاشتۇرۇلغان دەپ قارىغان ئىشلار بىلەن شۇغۇللانغاندا، ئۇلار ھەققىدە چوڭقۇر پىكىر يۈرگۈزىشى ئۇ كىشىنى ئەڭ گۈزەل نەرسىلەرگە ئىنتىلىشكە ۋە پۈتكۈل شەيئىنىڭ ياراتقۇچىسىنى مەدھىيىلەشكە ئۈندىمەي قالارمۇ؟

1) بۇ ئالىملارنىڭ سۆزلىرىدىن نېمىلەرنى بىلىۋالدىڭىز؟

2) سىزنىڭچە بۇ ئالىملار نېمە ئۈچۈن بۇ سۆزلەرنى قىلىدۇ ؟

3) بىزنىڭ كائىنات ھەققىدە ئىزدىنىشىمىزنىڭ قانداق ئەھمىيىتى بار؟

(*«ئالەمنىڭ قىسقىچە تارىخى : چەكسىز ئالەمدىكى ھېسابسىز پاراسەت » ناملىق كىتابتىن ئېلىندى. خەنزۇچە نەشرى)

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

**6 ـ بۆلەك**

# كەمتەرلىك

بىز ھەممەيلەن نۇقسانلىق ئىنسان. پەقەت ئاللاھ ئەيىب ـ نۇقسانلاردىن پاك زاتتۇر. بىز پەقەت ئاللاھنىڭ نېئمىتى ۋە ياردىمى بىلەن مۇۋەپپىقىيەت قازىنالايمىز. شۇڭا، بىز ئاللاھ ئاتا قىلغان قابىلىيەتلىرىمىزنى كۆز ـ كۆز قىلىپ كۆرەڭلەپ كەتمەستىن، ئاللاھقا شۈكرى قىلىشىمىز ۋە بۇ قابىلىيەتلىرىمىزنى ياخشىلىق يوللىرىغا سەرپ قىلىشىمىز كېرەك. كەمتەرلىك بىلەن شۈكرى قىلىش نېئمەتنى كۆپەيتىدۇ. ھاكاۋۇرلۇق بىلەن كۇفرىلىق قىلىش نېئمەتنى يوق قىلىش بىلەن بىرگە جازاغا دۇچار قىلىدۇ. ئاللاھ ھەر بىر بەندىسىگە نېئمەتلەرنى ئۆلچەم بىلەن ئاتا قىلغان بولۇپ، بىرىمىزنى بەزى جەھەتتە ئۈستۈن قىلسا، يەنە بىرىمىزنى يەنە بىر جەھەتتىن ئۈستۈن قىلىدۇ. بىز ھەممەيلەن ئاللاھنىڭ بەندىلىرى،

بىر بەندىنىڭ باشقا بىر بەندىنى تۆۋەن كۆرۈشكە ھېچ ھەققى يوق. ئاللاھ تەئەلا مۇنداق دەيدۇ: «مۆئمىنلەرگە كەمتەر بولغىن »(سۈرە ھىجر، 88-ئايەت). «كىشىلەرنى مەنسىتمەسلىك بىلەن يۈز ئۆرىمىگىن، زېمىندا غادىيىپ ماڭمىغىن، ئاللاھ ھەقىقەتەن ھاكاۋۇر ئۆزىنى چوڭ تۇتقۇچىلارنى ياقتۇرمايدۇ»(سۈرە لوقمان، 18-ئايەت). پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ بۇيرۇقلىرىنى ساھابىلىرىگە يەتكۈزۈپ : «بىز ھېچكىم ھېچكىمنى تۆۋەن كۆرمەيدىغان بولغۇچە كەمتەر بولۇشقا بۇيرۇلدۇق» دېگەن.

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

## 16. كەمتەر ئالىم

**داڭلىق** ئىسلام **فىقھى** ئالىمى ئەبۇ ھەنىفەنىڭ ئەسلى ئىسمى نۇئمان ئىبنى سابىت بولۇپ، ھىجرىيە 80-يىلى تۇغۇلۇپ، ھىجرىيە 150-يىلى باغداتتا ۋاپات بولغان. ئۇ باللىق چاغلىرىدىلا ئىلىمگە **ھېرىسمەن** بولۇپ، قۇرئان كەرىم، ھەدىسلەرنى **پۇختا**، چۈشىنىپ يادقا ئالغان. ياشلىق مەزگىلىدە ئۆز **دىيارىدىكى** ئۆلىمالارنىڭ ھەلقىلىرىدە ئىلىم **تەھسىل قىلىپ** كالام ئىلمىدە مۇكەممەل **يېتىشىپ چىققان**. كېيىن فىقھى ئىلمى ساھەسىگە ئۆتكەن. ئۇ ياشىغان زاماندا بەزى ساھابىلەر ۋە تابىئىنلار ھايات بولۇپ، ئۇ ئۇلاردىن ھەدىس ئۆگەنگەن. ئىمام ئەبۇ ھەنىفە **زېھنى** ناھايىتى

**ئۆتكۈر**، تەپەككۇر قىلىشقا **ماھىر**، بىلىملىك ۋە پەزىلەتلىك كىشى. ئۇ زامانىسىدىكى **ساناقلىق** فىقھى ئالىملىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇنىڭ بەرگەن پەتىۋا، ھۆكۈملىرى ئىسلام فىقھى ئىلمىدىكى ئۆرنەكلەر ھېسابلىنىدۇ.

ئىمام ئەبۇ ھەنىفە ئىلىم جەھەتتىلا ئەمەس، ئەخلاق-پەزىلەتتىمۇ يېتىشكەن ئىدى. بۇنىسى ھەيران قالارلىق ئەمەس. چۈنكى «ئالىملىق كۆپ سۆزلەش ئەمەس، بەلكى كۆپ ئەمەل قىلىشتۇر»*. ئەمما بۇ كاتتا ئالىمنىڭ باللاردىن نەسھەت قوبۇل قىلىشى بىزگە **كەمتەرلىك** ئۈلگىسى بولالايدۇ.

ئىمام ئەبۇ ھەنىفە بىر كۈنى لاي ئويناۋاتقان بىر كىچىك بالىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ ئۇنىڭغا :«دىققەت قىل، لايغا چۈشۈپ كەتمىگىن دەپتۇ» . كىچىك بالا ئۇنىڭغا:«بەلكى سىز دىقەت قىلىڭ، چۈنكى ئالىمنىڭ چۈشۈپ كېتىشى ئالەمنىڭ چۈشۈپ كېتىشى دېمەكتۇر»*دەپتۇ. بۇ سۆزنى ئاڭلىغان ئىمام ئەبۇ ھەنىفە قاتتىق تەسىرلىنىپتۇكى، ئۇ بۇ سۆزنى شاگىرتلىرى بىلەن دەل بىر ئاي **مۇزاكىرىلىشىپتۇ**. يەنە بىر قېتىم قىستاڭچىلىقتا ئىمام ئەبۇ ھەنىفە **ئېھتىياتسىزلىقتىن** بىر كىچىك بالىنىڭ پۇتىغا دەسسەپ سېلىپتۇ. بالا ئۇنىڭغا :«قىيامەت كۈنى قىساس ئېلىنىشىدىن قورقامسىز؟» دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان ئىمام بۇ سۆزنىڭ **دەھشىتىدىن ھوشىدىن كېتىپتۇ**. ئۇ ھوشىغا كەلگەندە ئەتىراپىدىكىلەر ئۇنىڭدىن :«بىر كىچىك بالىنىڭ سۆزىگىمۇ شۇنچە قىلىپ كېتەمسىز؟» دەپ سورىغاندا ئۇ:« مەن ئۇ بالا ئاخىرقى ھۆكۈمنى چىقاردىمىكىن، يەنى

مەن قىيامەتتە قىساس ئېلىشقا **لايىق** بولۇپ قالدىممىكىن دەپ قورقۇپ كەتتىم» دېگەن.

ئەمما ئەبۇ ھەنىفە ناھايىتى بىلىملىك ۋە ھۆرمەتلىك ئالىم بولىشىغا قارىماي، ھەقىقەتنى بىر كىچىك بالا سۆزلىسىمۇ ئۇنىڭغا ئوخشاشلا **ئېتىبار بەرگەن** ۋە قوبۇل قىلغان. چۈنكى پەيغەمبىرىمىز بىزنى شۇنىڭغا بۇيرىغان :«كىم ھەقنى ئېلىپ كەلسە ئۇنىڭ چوڭ -كىچىك، ناتونۇش ياكى دۈشمەن كىشى بولسۇن قوبۇل قىلىڭلار. كىم باتىلنى ئېلىپ كەلسە ئۇنىڭ چوڭ -كىچىك، ئۇرۇق-تۇغقان، دوست-يېقىنلىرىڭلار بولىشىدىن قەتئىينەزەر ئۇنى **رەت قىلىڭلار**» دېگەن. توغرا، ھەقىقەتنى كىم ئېلىپ كەلسە، ئۇنى كەمتەرلىك بىلەن قوبۇل قىلغاندىلا ئاندىن ئىلىمدە تېخىمۇ يۈكسەلگىلى بولىدۇ، ئىلىم ھەم كىشىنى كەمتەرلىككە يۈزلەندۈرىدۇ.

## كۆنۈكمە

1. تېكىستنى راۋان ۋە جانلىق ئوقۇشنى مەشىق قىلىڭلار.
2. يېڭى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى بىلىۋېلىڭلار.

داڭلىق ھېرىسمەن فىقھى پۇختا دىيار تەھسىل قىلىش يېتىشىپ چىقماق زېھىن ئۆتكۈر ماھىر ساناقلىق كەمتەرلىك ئېھتىياتسىزلىقتىن مۇزاكىرلەشمەك دەھشەت ھۇشىدىن كەتمەك ئېتىبار بەرمەك لايىق رەت قىلماق

3. سۆزبىرىكمىسى تۈزۈڭلار:

ئۆتكۈر ______ ، ______ ماھىر ______، ________

______ ، _____ھېرسمەن مۇكەممەل ______، ______

4. «*» بەلگىسى قويۇلغان ئىككى جۈملىنىڭ مەنىسىنى مۇلاھىزە قىلىڭلار.

5. ئەبۇ ھەنىفە كىم ؟ ئۇنىڭ قانداق پەزىلەتلىرى بار؟

6. ھەقىقى ئالىم قانداق بولىدۇ؟

7. كەمتەرلىكنىڭ ئۆگىنىشتە قانداق پايدىسى بار؟

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

## 17. ھاكاۋۇر قارۇننىڭ ئاقىۋىتى

قارۇن مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىدىكى يەنى بەنى ئىسرائىل قەۋمىدىكى ناھايىتى باي كىشى ئىكەن. ئاللاھ ئۇنىڭغا مال-دۇنيانى شۇنچە كۆپ بىرىپتۇكى، قارۇن بۇنىڭغا شۈكرى قىلىشتا يوق، ئەكسىچە **ھاكاۋۇرلىشىپ** كىتىپتۇ. ئۇ فىرئەۋنىنىڭ قاتتىق **زۇلۇمى** ئاستىدا قالغان بەنى ئىسرائىل قەۋمىدىن **ئۆزىنى چوڭ تۇتۇپ** ۋە **يۈز ئۆرۈپ**، فىرئەۋىن ۋە ئۇنىڭ ئوردا ئەمەلدارلىرى بىلەن بىرلىشىپ خەلققە زۇلۇم قىلىدىكەن. مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۇنى ئىمانغا دەۋەت قىلغاندا، ئۇ چوڭچىلىق

قىلىپ **باش تارتىپتۇ**.

ئاللاھ تائالا قارۇننىڭ قىسسىسىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:«قارۇن ھەقىقەتەن مۇسانىڭ قەۋمىدىن ئىدى. قارۇن ئۇلارغا يوغانلىق قىلدى، قارۇنغا **خەزىنىلەردىن** شۇنچىلىك كۆپ بەرگەن ئىدۇقكى، ئۇلارنىڭ ئاچقۇچلىرىنى (كۆتۈرۈش) كۈچلۈك بىر جامائەگىمۇ ئېغىرلىق قىلاتتى. ئەينى ۋاقىتتا قەۋمى قارۇنغا ئېيتتى : <**كۆرەڭلەپ** كەتمە، ئاللاھ ھەقىقەتەن كۆرەڭلەپ كەتكۈچىلەرنى ياخشى كۆرمەيدۇ، ئاللاھ ساڭا بەرگەن بايلىق بىلەن ئاخىرەت يۇرتىنى تىلىگىن، دۇنيادىكى نېسىۋەڭنىمۇ ئۇنۇتمىغىن، ئاللاھ ساڭا ياخشىلىق قىلغاندەك سەنمۇ ئاللاھنىڭ بەندىلىرىگە ياخشىلىق قىلغىن، يەر يۈزىدە **بۇزغۇنچىلىقنى** تىلىمىگىن، ئاللاھ ھەقىقەتەن بۇزغۇنچىلىق قىلغۇچىلارنى ياخشى كۆرمەيدۇ>. قارۇن : < مېنىڭ **ئالاھىدە** بىلىمىم بولغانلىقتىن بۇ بايلىققا ئېرىشتىم > دېدى »(سۈرە قەسەس 76 ـ 78 ـ ئايەتلەر).

قارۇن شۇنچىلىك **ھەددىدىن ئېشىپ** كېتىپتۇكى، مال ـ دۇنيالىرىنى **كۆز ـ كۆز قىلىش** ئۈچۈن، بازار **رەستىلىرىگە** ئېسىل بېزەكلىك تەختىراۋان بىلەن چىقىدىكەن. بۇنى كۆرگەن بەزى نادان كىشىلەر ئۇنىڭغا **ھەۋەس قىلىشىپتۇ**. لېكىن ئاللاھ ھىدايەت قىلغان ئەقىللىق كىشىلەر قارۇننىڭ مال ـ دۇنياسىنىڭ ئۇنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قۇتقۇزالمايدىغانلىقىنى، مال ـ دۇنيانىڭ پەقەت ئاللاھنىڭ سىنىقى ئىكەنلىكىنى، ئىمان ئېيتىش ۋە

ياخشى ئەمەللەرنى قىلىش ئارقىلىقلا بۇ سىناقتىن **مۇۋەپپىقىيەتلىك** ئۆتكىلى بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:«قارۇن ئۆز قەۋمىنىڭ ئالدىغا بارلىق **زىننىتى** بىلەن **ھەشەمەتلىك** ھالدا چىقتى، دۇنيا تىرىكچىلىكىنى كۆزلەيدىغانلار :<كاشكى بىزگىمۇ قارۇنغا بېرىلگەن بايلىق بېرىلسىچۇ، ئۇ ھەقىقەتەن چوڭ نېسىۋىگە ئىگە ئىكەن>دېدى. ئىلىملىك كىشىلەر :< ۋاي سىلەرگە! ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان كىشىگە ئاللاھنىڭ ساۋابى ياخشىدۇر، ئۇ ساۋاپ پەقەت **سەۋر** قىلغۇچىلارغا بېرىلىدۇ> دېدى»(سۈرە قەسەس 78 ـ 80 ـ ئايەتلەر).

قارۇن كىشىلەرگە شۇنداق سىناق بولۇپتۇ. **نادان** كىشىلەر بارغانسېرى قارۇنغا ئەگىشىشكە باشلاپتۇ. بەزى ئىمانى ئاجىز كىشىلەرمۇ ئىمانىدا تەۋرىنىپ قاپتۇ ۋە مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا بېرىپ :«قارۇن ئىمان ئېيتمىغان كاپىر، بىراق ئۇ بىزدىن باي ۋە كۈچلۈك. بىز بولساق ئاجىز، ئۇنىڭ **بوزەك قىلىشىغا** ئۇچراۋاتىمىز»دېيىشىپتۇ. مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا نەسىھەت قىلىپ :«ئاللاھ ھەقىقەتەن بەندىلىرىنى كەڭچىلىك ۋە تارچىلىق بىلەن سىنايدۇ، كىمكى شۈكۈر قىلسا، سەۋر قىلسا ئاللاھ ئۇ كىشىگە ھەسسىلەپ ساۋاپ بېرىدۇ، ئاللاھقا ئىمان ئېيتقان بولساڭلار ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىپ، ئاللاھتىن تىلەڭلار» دەپتۇ. مۇسا ئەلەيھىسسالام قارۇننىڭ كۆپ كىشىلەرنى **ئازدۇرۇپ كېتىشىدىن** ئەنسىرەپ ئاللاھقا يېلىنىپ مۇنداق دۇئا

قىپتۇ:« ئى رەببىمىز! كىشىلەرنى يولۇڭدىن ئازدۇرۇش ئۈچۈن -ئى رەببىمىز !-فىرئەۋنگە ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ چوڭلىرىغا هاياتى دۇنيادا زىننەت بۇيۇملىرىنى، تۈرلۈك مال-مۈلۈكلەرنى بەردىڭ، رەببىمىز! ئۇلارنىڭ مال-مۈلۈكلىرىنى يوق قىلغىن، ئۇلارنىڭ دىللىرىنى قاتتىق قىلغىن، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئىمان ئېيتماي قاتتىق ئازابنى كۆرسۇن » (سۈرە يۇنۇس، 88-ئايەت).

ئاللاھتائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسىنى **ئىجابەت قىلىپ**، قارۇننى ئۇنىڭ مال-مۈلكى بىلەن قوشۇپ يەرگە يۇتقۇزىۋېتىپتۇ! قارۇننىڭ يىغقان مال-دۇنياسى ئۇنىڭغا ھېچ **ئەسقاتماپتۇ**. قارۇنغا ھەۋەس قىلغانلار ئۇنىڭ ھالىدىن ئىبرەت ئېلىپتۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:«قارۇننى ئۇنىڭ ئۆيى بىلەن قوشۇپ يەرگە يۇتقۇزدۇق، ئۇنىڭدىن ئاللاھنىڭ ئازابىنى **دەپئى قىلىدىغان** بىر جامائە بولمىدى. قارۇن ئۆزىنى قوغدىيالمىدى، تۈنۈگۈن تېخى قارۇننىڭ دەرىجىسىنى ئارزۇ قىلغانلار دېيىشتىكى : <پاھ كۆردۈڭمۇ؟ ئاللاھ بەندىلىرىدىن خالىغان ئادەمنىڭ رىزقىنى كەڭ قىلىدىكەن، خالىغان ئادەمنىڭ رىزقىنى تار قىلىدىكەن، ئاللاھ بىزگە مەرھەمەت قىلمىغان (يەنى ئارزۇ قىلغىنىمىزنى بەرگەن )بولسا ئىدى، بىزنى ئەلۋەتتە يەر يۇتاتتى. ۋاي كۆردۈڭمۇ! كاپىلار **نىجات** تاپمايدۇ.»»(سۈرە قەسەس 81-82-ئايەتلەر).

ئاللاھتائالا قارۇننى بەنى ئىسرائىلغا ۋە بىزگە ئىبرەت قىلدى.

ئاللاھقا چوڭچىلىق قىلغۇچىلار، ھاكاۋۇرلار، ھەرگىزمۇ نىجات تاپالمايدۇ. ئاللاھ بىزگە مۇنداق دەيدۇ:«ئەنە شۇ ئاخىرەت يۇرتىنى يەر يۈزىدە چوڭچىلىق قىلىشنى ۋە بۇزغۇنچىلىق قىلىشنى كۆزلىمەيدىغانلارغا **خاس** قىلدۇق. ياخشى **ئاقىۋەت تەقۋادارلارغا مەنسۇپتۇر**.»(سۈرە قەسەس 83 ـ ئايەت ).

## كۆنۈكمە

1. تېكىستنى جانلىق ۋە راۋان ئوقۇشنى مەشىق قىلىڭلار.

2. يېڭى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى بىلىۋېلىڭلار:

مال ـ دۇنيا    هاكاۋۇر    ئۆزىنى چوڭ تۇتۇش    زۇلۇم

يۈز ئۆرىمەك    باش تارتماق    خەزىنە    كۆرەڭلەش

بۇزغۇنچىلىق    ھەددىدىن ئاشماق    كۆز ـ كۆز قىلماق

ئالاھىدە    رەستە    مۇۋەپپىقىيەتلىك    ھەۋەس قىلىش

زىننەت    ھەشەمەتلىك    سەۋر قىلماق    بوزەك قىلىش

نادان    ئازدۇرماق    ئەسقاتماق    ئىجابەت قىلىش    دەپئىي

قىلىش    نىجات تېپىش    خاس    ئاقىۋەت    تەقۋادارلار

3. سۆزبىرىكمىسى تۈزۈڭلار:

ئالاھىيدە_____،_____    ھەشەمەتلىك_____،_____

كۈچلۈك_____،_____    ئاجىز _____،_____

4. قارۇن كىم ؟

5. قارۇننىڭ ھەققىدە كىشىلەر قانداق ئويلاردا بولدى؟ ئۇلارنىڭ

پىكىرلىرىنى سېلىشتۇرۇڭلار.

6. قارۇن نېمە ئۈچۈن ئاللاھنىڭ ئازابىغا دۇچار بولدى؟

7. قارۇننىڭ قىسسىسىدىن قانداق ئىبرەت ئالدىڭلار؟

8. تېكستنى ئۆز تىلىڭىزغا ئايلاندۇرۇپ بايان قىلىڭلار.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

## 18. كۆرەڭ توخۇ



ئۆردەك بىلەن توخۇ يېقىن دوست ئىكەن، ئۇلار ئىجىل-ئىناق ياشايدىكەن.

كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، ئايلار ئۆتۈپتۇ، بىر كۈنلەرگە بارغاندا ئۆردەكنىڭ مىس-مىسلىقى توخۇنىڭ **كۆزىگە زادىلا سىغمايدىغان** بولۇپ قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆردەككە ئۆزىنى بىر كۆرسىتىپ قويماقچى بولۇپتۇ.

دوستۇم ئۆردەكجان — دەپتۇ توخۇ قاناتلىرىنى قېقىپ قويۇپ، — بىللە ئۆتىۋاتقىنىمىزغىمۇ ئۇزاق بولدى، ئەمما قايسىمىزنىڭ قانداق **كارامەتلىرى** بارلىقىنى بىلمەيمىز. ئىككەيلەن بىر يۈگۈرۈشۈپ باقمايلىمۇ؟

ئۆردەك توخۇنىڭ نىيىتىنى چۈشىنىپ يېتىپتۇ. بىراق نېرى-بېرى دېمەي ئۇنىڭ دېگىنىگە ماقۇل بوپتۇ.

يۈگۈرۈش مۇسابىقىسى باشلىنىپتۇ.

ئالدىدا چېپىپ كېتىۋاتقان توخۇ ئۆردەكنىڭ ئىغاڭلىغىنىچە مىسلداپ مېڭىپ كېلىۋاتقانلىنى كۆرۈپ، بىردەم-بىردەم ئارقىغا قاراپ **مەسخىرىلىك كۈلۈپتۇ**. لېكىن، ئۆردەك بۇنىڭغا **پەرۋا قىلماي** بىر خىلدا يۈگۈرىۋېرىپتۇ.



ئۇزاق ئۆتمەي، توخۇ دولقۇنلاپ ئېقىۋاتقان بىر دەريانى كۆرۈپتۇ. «ئاپلا، ئەمدى قانداق قىلارمەن؟!» توخۇ دەريادىن ئۆتۈشنىڭ **ئامالىنى** قىلالماي، تېپىرلىغىنىچە ئۇياق-بۇياققا **پالاقشىپ**

**يۇگۈرۈپتۇ**. ئاڭغىچە ئۆردەك يېتىپ كەپتۇ.

دەريانى كۆرگەن ئۆردەك **يايراپ كېتىپتۇ**. ئۇ ئۆزىنى دەرياغا ئېتىپتۇ-دە، قارشى قىرغاققا قاراپ ئۈزۈپ كېتىپتۇ. بۇنى كۆرگەن توخۇ **ئۆزىنى تۇتىۋالالماي** سۇغا سەكرەپتۇ، ئەمما سۇغا چۆكۈشكە باشلاپتۇ.

پالاقشىغان ئاۋازنى ئاڭلىغان ئۆردەك ئارقىغا بۇرۇلۇپتۇ. قارىسا، توخۇ جان تالىشىۋاتقۇدەك. ئۆردەك ئارقىغا يېنىپ، توخۇنى قىرغاققا ئېلىپ چىقىپتۇ. توخۇ خېلى ۋاقىتتىن كېيىن ھوشىغا كەپتۇ. ئۇ **خىجىل بولغان** ھالدا ئۆردەكتىن ئەپۇ سوراپتۇ ۋە: «چۈشەندىم، دوستۇم، ھەركىمنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق كارامىتى بولىدىكەن» دەپتۇ.

## كۆنۈكمە

1. تېكىستنى جانلىق ۋە راۋان ئوقۇشنى مەشىق قىلىڭلار.

2. يېڭى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى بىلىۋېلىڭلار:

كۆزىگە زادىلا سىغماسلىق  مەسخىرىلىك كۈلۈش  پەرۋا قىلماسلىق  پالاقشىپ يۈگۈرۈش  يايراپ كېتىش  جان تالىشىش  كارامەت  ئامال  خىجىل بولۇش  ئۆزىنى تۇتىۋالالماسلىق

3. توخۇ نېمە ئۈچۈن ئۆردەك بىلەن مۇسابىقىلەشمەكچى بولىدۇ؟

4. مۇسابىقىنىڭ نەتىجىسى قانداق بولدى؟

5. ئاستى سىزىلغان ئىككى جۈملىنى سېلىشتۇرۇپ تەھلىل قىلىڭلار.

6. سىز بۇ ھېكايىدىن قانداق ئىبرەت ئالدىڭلار؟



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

7. تۆۋەندىكى تېپىشماقنى تېپىڭلار:

پۇتى تۆتلۈك ئارىدەك،
تۇمشۇقى بار قايچىدەك.
چىشى يوقتۇر ئاغزىدا،
قىزىلگۈل بار بېشىدا.
ئەمما گۈلى پۇرىماس،
ئۆمۈر بويى توزىماس.

جاۋابى: ______

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

## مەشق باغچىسى

1. قارمۇ-قارشى مەنىلىك سۆزلەرنى تۇتاشتۇرۇڭلار:

| | |
|---|---|
| كەڭ | نامرات |
| كەمتەر | ئاجىز |
| كۈچلۈك | تۆۋەن |
| كۇفرىلىق قىلغۇچى | تار |
| كۆپ | كىچىك |
| قوبۇل قىلىش | ئاز |
| چوڭ | ناھەق |

www.uyghurkitap.com

| | |
|---|---|
| پەرۋا قىلماسلىق | ھاكاۋۇر |
| باي | شۈكرى قىلغۇچى |
| ھەق | ئېتىبار بىرىش |
| يۇقىرى | رەت قىلىش |

2. تۆۋەندىكى سۆپەتلەردىن پايدىلىنىپ بىر كاپىر بىلەن بىر مۆئمىنىنىڭ ئەخلاقىنى سېلىشتۇرۇپ تەسۋىرلەڭلار.

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| راستچىل | بۇزغۇنچى | چوڭچى | كەمتەر | خۇشخۇي |
| بىلىملىك | جاھىل | ئامانەتدار | سەۋىر-تاقەتلىك | شەپقەتسىز |

3. پەزىلەتلىك كىشى قانداق بولىدۇ؟

5. كەمتەرلىك ھەققىدىكى ماقال-تەمسىللەرنى، ئەقلىيە سۆزلەرنى ئۆگىنىۋېلىڭلار:

※ «ھەر بىر بىلىمدارنىڭ ئۈستىدە ئۇنىڭدىنمۇ بىلىمدار زات بار»(سۈرە يۇسۇف، 76-ئايەت)

※ كەمتەرلىك كىشىنى ئالغا باستۇرىدۇ، مەغرۇرلۇق كىشىنى ئارقىدا قالدۇرىدۇ.

※ ئېگىلىدىكەن ئالما شاخلىرى ،
مېۋىسى قانچە ئوخشىغانسىرى .
كەمتەرلىك بىلەن ئادەم چىرايلىق ،
سەتلىشىدىكەن غادايغانسىرى .

※ ئىگىلگەنگە ئىگىل،كىرىلگەنگە كىرىل.

6. كەمتەرلىك ھەققىدە مۇلاھىزە قىلىڭلار:

1) ئىنسان نېمە ئۈچۈن كەمتەر بولۇشى كېرەك؟

2) كەمتەر ئىنسانىنىڭ ئاقىۋىتى قانداق بولىدۇ؟ ھاكاۋۇر ئىنسانىنىڭچۇ؟

3) ئاللاھ بىزنى قانداق ئەخلاق-پەزىلەتلەرگە بۇيرىدى؟ بۇنىڭ قانداق ئەھمىيىتى بار؟

4) قانداق قىلغاندا كەمتەر بولغىلى بولىدۇ؟

www.uyghurkitap.com

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

**7 ـ بۆلەك**

# ئاللاھنىڭ مەخلۇقاتلىرىغا نەزەر



رەببىمىز ئاللاھ ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى، ماھىر ياراتقۇچىدۇر. ئۇ بىزگە بارلىق نەرسىلەرنى پايدىلىنىش ئۈچۈن ياراتقان بولۇپ، ئۇلاردا يەنە ئاللاھنىڭ سۈپەتلىرىنى نامايەن قىلىدىغان نۇرغۇن ھېكمەتلەر بار. بىز بىر كىيىمگە قاراپ ئۇنىڭ تىككۈچىسىنىڭ بەزى ئەھۋاللىرىنى بىلەلەيمىز. مەسىلەن : كىيىمنىڭ شەكلىنىڭ چىرايلىق لايىھەلەنگەنلىكىگە قاراپ، تىككۈچىنىڭ لايىھەلەشكە ماھىر ئىكەنلىكىنى، كىيىمنىڭ رەڭلىرىنىڭ

ناھايىتى ماس كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ تىككۈچىنىڭ رەڭلەرنى ماسلاشتۇرۇشقا ماھىر ئىكەنلىكىنى، كىيىمنىڭ ناھايىتى سۈپەتلىك ئىكەنلىكىگە قاراپ، تىككۈچىنىڭ تىكىشكە ئىنتايىن ماھىر ئىكەنلىكىنى بىلەلەيمىز. شۇنىڭغا ئوخشاش ئاللاھنىڭ مەخلۇقاتلىرىدىن ئاللاھنىڭ بەزى سۈپەتلىرىنى تونىيالايمىز. يەنە بىر تەرەپتىن ئاللاھ ھەممىگە رىزىق بەرگۈچى زات بولۇش سۈپىتى بىلەن بىزنىڭ ئەقلىمىزگىمۇ رىزىق بولىشى ئۈچۈن مەخلۇقاتلىرىغا نۇرغۇن ھېكمەتلەرنى ئورۇنلاشتۇرغان. بۇ ھېكمەتلەردىن ئەقىللەر سۆيۈنۈپ، رەببىنى تونۇيدۇ ۋە ئۇنى مەدھىيىلەيدۇ. قېنى كېلىڭلار، بىزمۇ ئاللاھنىڭ مەخلۇقاتلىرىغا قاراپ نەزەر سېلىپ باقايلى، ئۇلاردا قانداق ھېكمەتلەر باركىن؟

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

# 19. «ئۆسۈملۈك كىتاب»



ئۇماق قېرىنداشلىرىم، سىلەر كىتاب ئوقۇپ باققانمۇ؟ بەلكىم بۇ سوئالغا كۆپىنچىڭلار «ھەئە» دەپ جاۋاپ بېرىشىڭلار مۇمكىن. بىراق قايسىڭلار «ئۆسۈملۈك كىتاب» ئوقۇپ باققان؟ بۇ سوئالدىن ھەيران قالدىڭلارغۇ دەيمەن؟ ھەيران بولماڭلار، ئۆسۈملۈكلەرمۇ بىر كىتابقا ئوخشايدۇ. قېنى كېلىڭلار، بىز بىرلىكتە «ئۆسۈملۈك كىتاب»نى ئوقۇپ باقايلى.

كىچىككىنە ئۇرۇقچا «ئۆسۈملۈك كىتاب»نىڭ **مۇندەرىجىسىدۇر**. چوڭ-كىچىكلىكى، شەكلى، رەڭگى ھەرخىل بولغان تۈرلۈك ئۇرۇقلار نۇرغۇن ئۆسۈملۈك كىتابلارنىڭ **ئۆزىگە خاس** مۇندەرىجىسىدۇر. ئۇرۇقتا «**گېن**»دىن ئىبارەت كىچىك **تېمىلار** بويىچە مۇندەرىجە تۈزۈلگەن. گېن بولسا ئۆسۈملۈكنىڭ ھەرخىل

ئالاھىدىلىكلىرىنى بەلگىلەيدىغان **ئۆچۈردۈر**. ئۆسۈملۈكنى بىر كىتابقا ئوخشاتساق، گېن ئۇنىڭ بىر كىچىك تېمىسى ياكى تېكىستىنىڭ **ماۋزۇسى** ھېسابلىنىدۇ. ئادەتتىكى كىتاپنى قەغەزگە قەلەم بىلەن يازىمىز. ئۇنداقتا ئۆسۈملۈك كىتاب قەيەرگە، نېمە بىلەن يېزىلىدۇ؟ «ئۆسۈملۈك كىتاب» **تۇپراققا** «ھاياتلىق قەلىمى» بىلەن يېزىلىدۇ.

ئۇرۇقچا يەرگە چۈشكەندىن كېيىن، بىر **مەزگىل** تەييارلىق **باسقۇچىنى** ئۆتكۈزىدۇ. بۇ خۇددى كىتابنىڭ ئاپتورى كىتاپ مۇندەرىجىسىنى تۈزگەندىن كېيىن ئۇنى مۇكەممەل باشلاش ئۈچۈن تەييارلىق قىلغانغا ئوخشايدۇ. «تەييارلىق» پۈتكەندە يەنى زېمىن باھار پەسلىدە ئويغانغاندا، ئۇرۇقچىدىكى **ماس** گېنلار ئىپادىلىنىشكە باشلايدۇ. ئۇرۇقچا بىخ سۈرۈپ چىقىدۇ، «ئۆسۈملۈك كىتاب»نىڭ تۇنجى بابى يېزىلىشقا باشلايدۇ. ئۇ ئاستىغا يىلتىز تارتىپ، ئۈستىگە ياپيېشىل غول چىقىرىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە يۇمران يوپۇرماقلار چىقىشقا باشلايدۇ. يېشىل يوپۇرماقلار كۈن نۇرىدا **جىددىي** «**ئېنېرگىيە** ئىشلەش» خىزمىتىگە چۈشىدۇ. بۇ ۋاقىتتا «ئۆسۈملۈك كىتاب»نىڭ 2-بابى يېزىلىپ ئۇنىڭغا يېڭى تۈس ئاتا قىلىنىدۇ. مايسا بارغانسىرى **باراقسان** ئۆسۈشكە باشلىدى. ئۆز غولىغا تايىنىپ تىك تۇردى. شاخچىلارنى ۋە نۇرغۇن يوپۇرماقلارنى چىقاردى. بۇ ۋاقىتتا قىسقا **ھەجىمدىكى** «ئۆسۈملۈك كىتاب» لار **تاماملىنىشقا** يۈزلەنسە، بەزى چوڭ ھەجىمدىكىلىرى يەنە بىر نەچچە يىل «ئۆسۈش» بابىنى باشتىن ئۆتكۈزىدۇ. «كىتاب»قا نۇرغۇن يېڭى

مەزمۇنلار ئاستا-ئاستا يېزىلىدۇ.

كۆچەت مىۋە بىرىشكە تەييارلاندى. يەنى «ئۆسۈملۈك كىتاب»نىڭ ئاساسى **چۈشەنچە**، مەزمۇنلىرى تاماملىنىپ، «مۇھىم مەزمۇنلىرى» يېزىلىشقا باشلىدى. چىرايلىق گۈللەر ئېچىلدى. ئۇ «ئۆسۈملۈك كىتاب»قا يېڭى **مەنا** قوشتى. «يېڭى مەنا» ناھايتى **تەپسىلىي** ۋە **جانلىق** يېزىلىشقا باشلىدى. كىچىككىنە، كۆپكۆك مىۋە ئاستا-ئاستا چوڭىيىشقا ۋە سارغىيىشقا باشلىدى. «ئۆسۈملۈك كىتاب»نىڭ **مەركىزى ئىدىيىسى** ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ **يىغىنچاقلاندى**. مىۋە مەي باغلاپ پىشتى. كىشىلەر ئۇنى ئۈزۈپ **ھوزۇرلىنىپ** يېيىشتى. «ئۆسۈملۈك كىتاب» «ئوقۇرمەنلەر» بىلەن يۈز كۆرۈشتى. ئۇنىڭ ئەھمىيەتلىك «مەزمۇن»لىرى ئۇلارغا **ئېھتىياجلىق** «بىلىملەر»نى بەردى.

مىۋىدە ئۆسۈملۈك دەسلەپتە ئۈنۈپ چىققانغا ئوخشاش ئۇرۇقچا بار ئىدى. بۇ يېڭى «مۇندەرىجە»نىڭ ئاساسى مەزمۇنى ئىلگىرىكى «مۇندەرىجە»گە ئوپمۇ ئوخشاش، ئەمما ئازراق يېڭى «مەزمۇن»بار ئىدى. چۈنكى يېزىلىش جەريانىدا يېڭى «پىكىر»لەر مەيدانغا كەلدى. بۇ ئەسلى مۇنداق ئىش: بەزى ئۆسۈملۈكلەر باشقا تۈپتىكى جۈپتى بىلەن **چاڭلاشقاندا**، ئۇنىڭ ئۇرۇقىنىڭ **سورتىدا** ئۆزگىرىش بولىدۇ. «يېڭى مۇندەرىجىلەر» يېزىلىش ئۈچۈن ساقلاپ قويۇلىدۇ. ئىلگىرى يېزىلغان «كىتاب » بەزىدە قايتا بېسىلىش ئۈچۈن ساقلاپ قېلىنىسا (بۇ كۆپ يىللىق ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئەھۋالى)، بەزىدە پۈتۈنلەي يىغىۋېلىنىدۇ(بۇ بىر يىللىق ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئەھۋالى).

ئوماق دوستلىرىم، «ئۆسۈملۈك كىتاب» قىزىقارلىقمىكەن؟ ئەمدى سىلەردىن سوراپ باقاي، ئۆسۈملۈك كىتابىنىڭ يازغۇچىسى كىم؟ ئەقىللىق بولساڭلار ئەلۋەتتە تاپالايسىلەر.

## كۆنۈكمە

1. تېكىستنى ئەستايىدىل ئوقۇپ چىقىپ، مەزمۇنىنى چۈشىنىۋېلىڭلار.

2. يېڭى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى بىلىۋېلىڭلار.

مۇندەرىجە تېما ئۆزىگە خاس ماۋزۇ ماس گېن

ئالاھىدىلىك ئۇچۇر تۇپراق مەزگىل باسقۇچ

جىددىي ئېنېرگىيە باراقسان ھەجىم تاماملىنىش

چۈشەنچە مەنا تەپسىلىي جانلىق مەركىزى ئىدىيە

يىغىنچاقلاش ھوزۇرلانماق چاڭلىشىش ئېھتىياجلىق سورت

3. تۆۋەندىكى سۆزلەرگە سۆز بىرىكمىسى تۈزۈڭلار :

جىددىي ______، ______ باراقسان ______، ______

جانلىق ______، ______ تەپسىلىي ______، ______

ئەھمىيەتلىك ______، ______

4. ئۆسۈملۈكنىڭ ئۈنۈپ چىقىپ، مېۋە بېرىش جەريانىنى بىلىۋېلىڭلار، بۇ جەريان بىلەن كىتابنىڭ يېزىلىپ پۈتۈپ چىقىش جەريانىنى سېلىشتۇرۇپ چۈشىنىۋېلىڭلار، ھەمدە تۆۋەندىكى سۇئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار:

1) ئۆسۈملۈك يوپۇرمىقىنىڭ رولى نېمە؟
2) بىر يىللىق ئۆسۈملۈك بىلەن كۆپ يىللىق ئۆسۈملۈكنىڭ پەرقى نېمە؟
5. تېكستنىڭ ئاخىرىدىكى سوئالغا جاۋاپ بېرىڭلار.
6. ئۆسۈملۈكنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدىن ئاللاھنىڭ قايسى سۈپەتلىرىنى بايقىدىڭىز؟

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

## 20. گۈللەر باھار كەلگەنلىكىنى «بىلەلەيدۇ»



كۆپىنچە ئۆسۈملۈكلەرنىڭ گۈللىرى باھاردا ئېچىلىدۇ. بىز بىلىدىغان مۆلۈك دەرەخلەرمۇ باھاردا چىچەكلەيدۇ. ئۇلار داۋاملىق شۇنداق. ھەر يىلى باھار پەسلى كەلگەندە گۈللەر،

چېچەكلەر بەس-بەستە ئېچىلىشقا باشلايدۇ. سىز بۇنىڭ سەۋەبى توغرىلىق ئىزدىنىپ باققانمۇ؟ گۈللەر باھار كەلگەنلىكىنى قانداق بىلەلەيدۇ؟

گۈللەرنى ئۆزىمىز بىلەن **سېلىشتۇرۇپ** باقايلى. بىز باھار كەلگەنلىكىنى كۈننىڭ بارغانسىرى ئۇزىراپ، كېچىنىڭ بارغانسىرى قىسقارغانلىقىدىن، ھاۋانىڭ بارغانسىرى **ئىللىۋاتقانلىقىدىن**، شۇنىڭ بىلەن توڭلارنىڭ ئېرىگەنلىكىدىن بىلەلەيمىز. بىز يەنە چىسلانى ھىسابلاش ئارقىلىق باھارنىڭ كەلگەنلىكىنى بىلەلەيمىز. بىراق گۈللەر بۇنى ھېسابلاشقا ئامالسىز. ئۇنداقتا گۈللەر چوقۇم بىرىنچى تۈرلۈك ئۆزگىرىشلەردىن بىلەلىشى مۇمكىن. قېنى بىز بىرلىكتە تەھلىل قىلىپ باقايلى.

بىرىنچى تۈردىكى ئاساسلىق ئۆزگىرىشلەر بولسا كېچە-كۈندۈز ئۇزۇنلىقىنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە **تېمپېراتۇرىنىڭ** ئۆزگىرىشى. گۈللەرنىڭ زادى قايسى ئۆزگىرىشلەر ئارقىلىق باھار كەلگەنلىكىنى «بىلىدىغانلىقىنى» **تەكشۈرۈش** ئۈچۈن مۇنداق بىر تەجرىبە **لايىھەلەيلى**:

كېچە-كۈندۈز ئۇزۇنلۇقىنىڭ ئۆزگىرىش تەجرىبىسى

گۈلى ئېچىلىشقا يېقىنلاپ قالغان ئىككى تۈپ ئۆسۈملۈكنى كېچە-كۈندۈز ھالىتىنى شەكىللەندۈرۈش ئۈچۈن كۈن نۇرلۇق چىراق **ئورۇنلاشتۇرۇلغان** ئىككى قاراڭغۇ ئىشكاپقا سالىمىز. بىر تۈپنى سېلىشتۇرما، بىر تۈپنى سىناق **گورۇپپا** قىلىپ ئۆستۈرىمىز.

سىناق گۇرۇپپىغا كۈندۈز ئۇزۇنلىقى قانداق بولۇشى كېرەك؟ گۈلى ئېچىلمايدىغان، ئاخىرقى قىش كۈنلىرىنىڭ كۈندۈز ئۇزۇنلىقىنى تاللىساق، ئۇسۇملۇكنىڭ نورمال ئۆسۈشىگە ۋە تەجرىبىنىڭ ئەھۋالىغا بىر قەدەر **مۇۋاپىق** بولىدۇ. سىلىشتۇرما گۇرۇپپىغا 11سائەت چىراق يېقىپ، 13 سائەت قاراڭغۇدا قويىمىز. يەنە بىرىگە بولسا بىرىنچى كۈنى 11سائەت چىراق يېقىپ، 13 سائەت قاراڭغۇدا قويىمىز. ئىككىنچى كۈنى 11.5 سائەت چىراق يېقىپ، 13.5 سائەت قاراڭغۇدا قويىمىز. شۇ تەرىقىدە يورۇقلۇق چۈشۈش ۋاقتىنى ئۇزارتىپ 14 سائەتكىچە يەتكۈزىمىز ۋە گۈلنىڭ ئېچىلغان ياكى ئېچىلمىغانلىقىنى كۆزىتىمىز. ئۇلارنىڭ تېمپىراتۇرىسى بىر خىلدا يەنى قىشلىق **نورمال** تېمپېراتورا 15℃ تا تۇرىدۇ.

ئەمدى تېمپىراتۇىنىڭ ئۆزگىرىش تەجرىبىسىگە كېلەيلى:

سىناق گۇرۇپپىنىڭ تېمپېراتۇرىسىنى باھار پەسلىنىڭ ئۆرلىگەن نۇرمال تېمپىراتۇرىسى يەنى 25℃ بولسۇن، سېلىشتۇرما گۇرۇپپىنىڭ بولسا 15℃ بولسۇن. ھەر ئىككىلىسىنىڭ كېچە-كۈندۈز ئۇزۇنلىقى قىشلىق بولسۇن، يەنى11سائەت چىراق يېقىپ، 13 سائەت قاراڭغۇدا قويايلى. مۇشۇ شارائىتتا بەش كۈن كۆزىتەيلى. قايسى تەجرىبىدە گۈل ئېچىلسا، شۇ خىل ئۆزگىرىش گۈلنىڭ باھار كەلگەنلىكىنى «بىلدىغان» **ھەل قىلغۇچ** ئۆزگىرىش ھىسابلىنىدۇ.

بۇ تەجرىبىنى بۇرۇنلا ئىزدىنىشكە ماھىر كىشلەر ئىشلەپ باققان بولۇپ، نەتىجىدە گۈللەر كۈندۈزنىڭ ئۇزارغانلىقىغا قاراپ

باھار كەلگەنلىكىنى «بىلدىغانلىقى» بايقىلىپتۇ. ئەسلىدە ئۆسۈملۈكتە بىر خىل **ئاقسىل** ماددىسى بولۇپ، ئۇنىڭغا كۈن نۇرى چۈشۈش ۋاقتى ئۇزىراپ مەلۇم **چەككە** يەتكەندە، ئۇنىڭدا ئۆزگىرىش يۈز بىرىپ گۈلنىڭ ئېچىلىشىنى **قوزغايدىكەن**. ئۆسۈملۈكلەردىكى بۇ خىل ئاقسىلنىڭ كۆپ خىللىقى تۈپەيلىدىن گۈللىرىنىڭ ئېچىلىش ۋاقتى دەل ئوخشاش بولمايدۇ. ھەتتا بەزىلىرى كۈن نۇرى چۈشۈش ۋاقتى قىسقىراپ مەلۇم چەككە يەتكەندە، گۈلنىڭ ئېچىلىشىنى قوزغايدىكەن. بۇ خىلدىكى ئۆسۈملۈكلەر كۈز پەسلىدە گۈللەيدۇ.

بۇ ھادىسە قىزىقارلىقمىكەن؟ ئەمىلىيەتتە بۇ، ئاقسىل ماددىسىغا ئۇ خىل خۇسۇسىيەتنى بىرىپ، ئۆسۈملۈككە بىر خىل «سائەت» ئورنىدا قىلىپ بەرگەن ياراتقۇچى ئاللاھنىڭ **ھۈنىرىدۇر**. ئاللاھ ھەممىنى تولۇق بىلگۈچى ۋە ھەممىنى باشقۇرۇپ تۇرغۇچىدۇر.

## كۆنۈكمە

1. تېكىستنى ئەستايىدىل ئوقۇپ چىقىپ، مەزمۇنىنى چۈشىنىۋېلىڭلار،
2. يېڭى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى بىلىۋېلىڭلار:

| | | |
|---|---|---|
| سېلىشتۇرۇش | ئىللىماق | تېمپېراتۇرا | تەكشۈرۈش |
| لاھىيلەش | ئورۇنلاشتۇرۇش | گورۇپپا | مۇۋاپىق |
| شارائىت | ھەل قىلغۇچ | نورمال | ئاقسىل | چەك |
| قوزغاش | ھۈنەر | | |

3.سۆز بىرىكمىسى تۈزۈڭلار:

داۋاملىق ـــــــ، ـــــــ      ھەل قىلغۇچ ـــــــ، ـــــــ

ـــــــ، ـــــــ شارائىت      ـــــــ، ـــــــ ھۈنەر

4.جۈملە تۈزۈپ بېقىڭلار:

ئىللىماق      تەكشۈرۈش      لايىھلەش      قوزغاش

5.تېكىستتە بايان قىلىنغان ئىككى خىل تەجرىبىنى چۈشەندۈرۈڭلار ۋە تەجرىبە باسقۇچلىرىنىڭ سەۋەبىنى بايان قىلىڭلار.

6.ئىزدىنىشنىڭ مۇھىم باسقۇچى سىناپ تەكشۈرۈپ بېقىشتۇر. بىز ئاۋال ئويلايمىز، ئاندىن پەرەز قىلىمىز. پەرىزىمىزنىڭ توغرا توغرا خاتالىقىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن، تەجرىبە لايىھلەپ سىناپ باقىمىز. ئېرىشكەن نەتىجىمىز ئەمىلىيەتتە مەۋجۇت بولغان ھەقىقەت بولىدۇ. پەرەز بىلەن ھەقىقەتنىڭ قانداق مۇناسىۋىتى بار؟

7. ئۆسۈملۈكنىڭ گۈلى ئېچىلىش ۋاقتىنى ئاللاھ قانداق تەڭشەيدۇ؟ سىز بۇنىڭدىن قانداق ئىبرەت ئالدىڭىز؟

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇر كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

## 21. ئاللاھنىڭ مەخلۇقاتلىرى «سۆزلەيدۇ»



نەزەر سالغىن كائىناتقا ئەي دوستۇم،
ئۇنىڭدا بار تۈرلۈك-تۈمەن ھېكمەتلەر.
ئۇلار سۆزلەر ھەرخىل تىلدا توختاۋسىز:
«ئاللاھ **پاكتۇر**، ئاڭا بولسۇن ھەمدىلەر».

قۇياش سۆزلەر ئىللىق كۈلۈپ، پارقىراپ،
«رەھمىتى مەن رەببىمنىڭ، ئۇ **مۇقەددەس!**»
ئاڭا **جۆر بولۇپ** دەيدۇ، تاغلار **زەبەردەست**:
«رەببىم كۈچلۈك، **قۇدرەتلىك**، ئۇ يېڭىلمەس».

**ۋىچىرلاپ**، يېقىملىق سايرايدۇ قۇشلار،
ياڭرىتىپ ھەر تاڭدا تەسبىھ **كۈيىنى**.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

هاياجان ئىلكىدە تۆكەتتىڭ ياشلار،
بىلسەڭ ئەگەردە قۇشلار تىلىنى.

كۆپكۆك ئاسمان سۆزلەيدۇ ئۈنسىز:
«رەببىم مېھرىبان بەندىلىرىگە ،
ئاسراپ **كۆيۈنەر** ئۇلارغا دائىم،
قىلىپ مېنى **بىخەتەر** ئۆگزە.»

كېچە ئاسمىنىنى بىزەپ يۇلتۇزلار،
كۆز قىسىشار **جىمىرلاپ تۇندە**.
پارلايدۇ ئاسماندا نۇرلۇق تولۇنئاي،
ھەممىسى **خىزمەت** قىلار بىزگە.

باھاردا بىخ سۇرگەن **نوتا**، مايسىلار،
يازدا بولار باراقسان دەرەخ، **زىرائەت**.
كۈزدە بېرەر شېرىن مېۋە، **بولۇق** دان،
بۇ، رەببىمىز ئاتا قىلغان ئىسىل نېئمەت.

ئەقىل كۆزۈڭ بىلەن قارىغىن دوستۇم،
كۆمۈلۈپ ياتار دەلىل، ئالامەت.
شۈكۈر ئېيت رەببىڭگە، تىلەپ رەھمەت،
چىن ئىشەن ئاڭا، قىلىپ ئىتائەت.

## كۆنۈكمە

1. شېئىرنى راۋان، ھېسسىياتلىق ئوقۇشنى مەشىق قىلىڭلار.
2. يېڭى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى بىلىۋېلىڭلار.

پاك مۇقەددەس زەبەردەست قۇدرەتلىك جۇر بولۇش

ۋىچىرلاش كۈي كۆيۈنمەك بىخەتەر جىمىرلاش

تۈن خىزمەت نوتا زىرائەت بولۇق

3. شېئىرنى يادلىۋېلىڭلار.

4. سۆز بىرىكمىسى تۈزۈڭلار:

يېقىملىق ______، ______ باراقسان ______، ______

بىخەتەر______، ______ مۇقەددەس ______، ______

پاك ______، ______ زەبەردەست ______، ______

5. شېئىرنىڭ مەزمۇنىنى نەسرى تىل بىلەن بايان قىلىپ بېقىڭلار.

(1) قۇياش، تاغلار نېمە دەيدۇ؟ بۇنى قانداق چۈشىنىمىز؟

(2) قۇشلار نېمە ئۈچۈن سايرايدۇ؟

(3) ئاسمان، يۇلتۇز، ئاي بىزگە قانداق خىزمەت قىلىدۇ؟

(4) ئاللاھنىڭ ئۆسۈملۈكلەردىكى ھېكمەتلىرىنى بايان قىلىڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

# مەشق باغچىسى

1. تۆۋەندىكى سۆزلەرگە جۈملە تۈزۈپ بېقىڭلار:
تېما ئالاھىدىلىك باسقۇچ ئېنېرگىيە ھەجىم
تەكشۈرۈش ئاقىل لايىھەلەش
يۇقارقى سۆزلەر قانداق ئورۇنلاردا كۆپرەك ئىشلىتىلىدۇ؟

2. سۆز بىرىكمىسى تۈزۈڭلار:
ئەھمىيەتلىك ＿＿، ＿＿ جىددىي ＿＿، ＿＿
تەپسىلىي ＿＿، ＿＿ ئۆزگە خاس ＿＿، ＿＿
ھەل قىلغۇچ ＿＿، ＿＿ تۈرلۈك ـ تۈمەن ＿＿، ＿＿
ئىسىل ＿＿، ＿＿ شېرىن ＿＿، ＿＿

3. سىموۋۇل.
ئوخشىمىغان شەيئىلەردە بەزى ئورتاق ئالاھىدىلىكلەر بار. مۇشۇ ئورتاق ئالاھىدىلىكنى سېلىشتۇرۇپ شەيئىلەرنى تەسۋىرلىگەندە، تېخىمۇ جانلىق ۋە ئوبرازلىق بايان قىلغىلى بولىدۇ. مەسىلەن «ئۆسۈملۈك كىتاب» ناملىق تېكىستتە ئۆسۈملۈكنىڭ ئەھۋالى كىتابقا سېلىشتۇرۇلۇپ، سىموۋۇللۇق ھالدا بايان قىلىنغان .

تۆۋەندىكى ھەربىر گۇرۇپپا شەيئىلەردىن، ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئۈچ ياكى ئۈچتىن ئارتۇق ئورتاق ئالاھىدىلىكنى كۆزىتىڭ.

| شەيئى | ئوخشاش ئالاھىيدىلىك |
| --- | --- |
| بانان بىلەن لىمون | رەڭگى سېرىق<br>يېمەكلىك<br>پوستى قېلىن<br>دەرەختە ئۆسىدۇ |
| ئۈچبۇلۇڭ بىلەن تىكتۆتبۇلۇڭ | ____________<br>____________<br>____________<br>____________ |
| چۈمۈلە بىلەن دەرەخ | ____________<br>____________<br>____________<br>____________ |
| رەقەم 4 بىلەن 9 | ____________<br>____________<br>____________<br>____________ |
| جامائەت ۋە ئائىلە | ____________ |

www.uyghurkitap.com

| | |
|---|---|
| ____________________<br>____________________<br>____________________ | |

4. مۇلاھىزە قىلىڭلار:

1) بىز نېمە ئۈچۈن ئىلىم-پەن ئۆگىنىمىز؟ ھەمدە نېمە ئۈچۈن تەبىئەت ھادىسىلىرى، كائىناتنىڭ ئەھۋالىنى تەتقىق قىلىمىز؟

2) ئاللاھ نېمە ئۈچۈن بىزنى ئۆزىنىڭ مەخلۇقاتلىرى ھەققىدە ئىزدىنىشكە، بىلىم ئۆگىنىشكە چاقىرىدۇ؟

3) ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىدىن قانداق قىلغاندا ئۈنۈملۈك پايدىلانغىلى بولىدۇ؟

4) ئىلىم-پەن جەھەتتە تەرەققى قىلىشنىڭ مۇسۇلمانلارغا قانداق ئەھمىيىتى بار؟

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

**8 ـ بۆلەك**

# «يۇلتۇزلار»



ئەقىللىق قېرىنداشلار، سىلەر يۇلتۇزلارنى ياخشى كۆرەمسىلەر؟ كېچە ئاسمىنىدا چاقناپ، كىشىگە ئۈمىد بېغىشلايدىغان يۇلتۇزلارنى ئەلۋەتتە ھەممە كىشى ياخشى كۆرىدۇ. يۇلتۇزلارنىڭ كېچە ئاسمىنىنى بېزەشتىن باشقا يەنە قانداق روللىرى بارلىقىنى بىلەمسىلەر؟ يۇلتۇزلارنىڭ بىر قانچە روللىرى بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىرسى يۆنىلىشنى كۆرسىتىش. يۇلتۇزلارنىڭ ئورنى زېمىنغا نىسبەتەن بىر قەدەر مۇقىم بولغاچقا، ئۇلار بىزگە يۆنىلىشنى كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ. مەسىلەن: شىمالىي قۇتۇپ يۇلتۇزى ھەر ۋاقىت زېمىننىڭ شىمالىي قۇتۇبى تەرەپتە تۇرىدۇ. شۇڭغا ئوخشاش، ھاياتتىكى جاھىلىيەت قاراڭغۇلۇقلىرىدا پارلاق نۇر چېچىپ، بىزگە توغرا يولنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان «يۇلتۇزلار» بار. بۇ يۇلتۇزلار كىملەر؟ بۇ «يۇلتۇزلار»

ئىنسانلارنى ھىدايەتكە باشلىغۇچى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ توغرا يولدىكى ساھابىلىرىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن :«مېنىڭ ساھابىلىرىم يۇلتۇزلارغا ئوخشايدۇ، قايسىسىغا ئەگەشسەڭلار توغرا يول تاپىسىلەر».

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

## 22. ھەقىقەت ئىزدىگۈچى سەلمان فارىسى (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ)

سەلمان (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) ئىران دىيارىدىكى **مەجۇسىي فارىس** ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئاتىسى ناھايىتى **ئۇقۇمۇشلۇق** ۋە باي كىشى ئىكەن. ئاتىسى سەلمان (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ)نى تولىمۇ ياخشى كۆرگەچكە، ئۇنىڭ تەربىيىسىگە ناھايىتى **كۆڭۈل بۆلىدىكەن**. ئۇنىڭغا ھەرخىل بىلىملەرنى بولۇپمۇ مەجۇسىي دىنى بىلىملىرىنى ئۆگىتىپتۇ. ئاتىسى ئۇنىڭغا زىيادە ئامراق بولغاچقا، ئۇنى سىرتقا چىقارمايدىكەن.

سەلمان (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ)نىڭ ئاتىسىنىڭ ناھايىتى چوڭ ئېتىزى بار ئىكەن. بىر كۈنى دادىسىنىڭ باشقا **زۆرۈر** ئىشى چىقىپ قېلىپ، ئوغلىنى ئۆزىنىڭ ئورنىدا ئېتىزغا بېرىشقا بۇيرۇپتۇ. ئادەتتە سىرتقا چىقمايدىغان سەلمان(رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) ئېتىزغا بېرىش يولىدىكى

بىر **خىرىستىئانلارنىڭ چىركاۋىغا** قىزىقىپ قاپتۇ ۋە ئۇلارنىڭ ناماز ئوقۇشىغا قاراپ تەسىرلىنىپ كېتىپتۇ. سەلمان (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) ئېتىزغىمۇ بارماي چىركاۋغا كىرىپ، چىركاۋنىڭ باش راھىبى بىلەن كۆرۈشۈپ ئۇلارنىڭ دىنى ھەققىدە سوئال سوراپتۇ. ئۇ كۆڭلىدە بىز ئوتقا ئېتىقاد قىلساق، بۇلار ھەممىنى ياراتقان يېگانە ئاللاھقا ئىبادەت قىلىدىكەن، بۇلارنىڭ دىنى بىزنىڭ دىنىمىزدىن ياخشى ئىكەن، دەپ ئويلاپتۇ. ئاخىرىدا راھىبتىن بۇنىڭ **مەنبەسى** قەيەردە؟ دەپ سوراپتۇ. راھىب«شام دىيارىدا» دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ. ئۇ كەچ كىرگەندىلا ئاندىن ئۆيىگە قايتىپتۇ. ئاتىسى ئۇنىڭ نېمە ئىشلارنى قىلغانلىقىنى سورىغاندا، ئۇ بولغان ئىشلارنى بايان قىلىپ بېرىپتۇ. ئاتىسى ئۇنىڭ مەجۇسىي دىنىدىن چىقىپ خىرىستىئان بولۇپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ ئۇنى ئۆيىگە سولاپ قويۇپتۇ. سەلمان (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) بىر ئاماللارنى قىلىپ چىركاۋدىكىلەرگە شامغا بارىدىغان **كارۋان** ئۆتسە، ئۆزىگە خەۋەر قىلىپ قويۇشنى ئېيتىپتۇ. كارۋان كەلگەندە سەلمان (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) سولاقتىن يوشۇرۇنچە قېچىپ چىقىپ كارۋانغا قېتىلىپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇ شامغا كېتىپتۇ. ئۇ ئاللاھقا ھەمدۇ سانا ئېيتىپ، يېگانە ئاللاھقا ئىبادەت قىلىدىغان دىندىن قەتئىي **ۋاز كەچمەسلىك** نىيىتىگە كەپتۇ.

سەلمان (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) شامغا بېرىپ، ئۇ يەردىكى چوڭ بىر چىركاۋغا كىرىپتۇ. ئۇنىڭدىكى راھىب بىلەن كۆرۈشۈپ ئۆزىنى بۇ دىنغا ئاتىغانلىقىنى، بۇ يەردە تۇرۇپ خىزمەت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ. راھىب ئۇنى قوبۇل قىلىپتۇ. راھىب كىشىلەرگە ناھايىتى

چىرايلىق ۋەز ـ نەسىھەتلەرنى قىلىدىكەن، ئەمما ئۆزى ئۇنىڭغا ئەمەل قىلمايدىكەن. سەلمان (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) ئۇنىڭ خەلق **سەدىقە** ئۈچۈن ئېلىپ كەلگەن نەرسىلەرنى ئۆزىنىڭ قىلىۋالغانلىقىنى بايقاپتۇ. بىر مەزگىلدىن كېيىن راھىب ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ. سەلمان (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) ئۇنىڭ **ئەپتى ـ بەشىرىسىنى** خەلققە ئاشكارىلاپتۇ. خەلق ئۇنىڭغا **لەنەت** ئوقۇپتۇ ۋە باشقا بىر تەقۋادار كىشىنى راھىب سايلاپتۇ. ئۇ كىشى ھەقىقەتەن ئىخلاسمەن بەندە ئىكەن. سەلمان (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) ئۇنىڭدىن نۇرغۇن ياخشىلىقلارنى ئۆگىنىپتۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇمۇ ۋاپات تېپىپتۇ. ئۇ جان ئۈزۈش ئالدىدا سەلمان (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) غا ھەق يولىدىكى باشقا بىر راھىبنىڭ ئىسمىنى ئېيتىپ بىرىپ، ئۇنىڭ يېنىغا بېرىشنى **تاپىلاپتۇ**.

سەلمان (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) ئۇ كىشىنى ئىزدەپ تېپىپ، ئۆز **سەرگۈزەشتىلىرىنى** ئېيتىپ بىرىپتۇ. ئۇ كىشى ئۇنى **قىزغىنلىق بىلەن** كۈتىۋاپتۇ. بىر مەزگىل ئىككەيلەن بىرگە ياشاپ ئىلىم ئۆگىنىپتۇ. ئاللاھنىڭ قازاسى كىلىپ، ئۇنىڭغىمۇ **ئەجەل** يىتىپتۇ. ئۇ جان ئۈزۈش ئالدىدا باشقا بىر ھەق يولىدىكى كىشىنىڭ خەۋىرىنى ئېيتىپ بىرىپتۇ. سەلمان (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) ئۇنى ئىزدەپ بېرىپ ئۆز ئەھۋالىنى بايان قىلىپتۇ. بۇ كىشى ئۇنى ياقتۇرۇپ قوبۇل قىلىپتۇ. سەلمان (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) ئۇنىڭدىن كۆپ ياخشىلىق ئۆگىنىپتۇ. بىر مەزگىلدىن كېيىن بۇ كىشىگىمۇ ئەجەل يىتىپتۇ. ئۇ جان ئۈزۈش ئالدىدا سەلمان (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ):

ـ سىز ئالەمدىن ئۆتۈپ كەتسىڭىز مېنى كىمگە تاپشۇرىسىز؟ـ

دەپتۇ.

ئۇ :

ـ ئوغلۇم، مەن بىزدىن كېيىن ھەق يولدىكى ھېچكىمنى بىلمەيمەن. بىراق مەككە دىيارىدا ئوتتۇرىغا چىقىدىغان بىر پەيغەمبەرنىڭ كېلىشىگە ئاز قالدى. ئۇ تاشلىق ۋە خورمىلىق بىر زېمىنغا ھىجرەت قىلىدۇ. ئۇ سەدىقە يېمەيدۇ، **ھەدىيەنى** قوبۇل قىلىدۇ. ئىككى تارغىقى ئارىسىدا پەيغەمبەرلىك **مۆھىرى** بار. ئەگەر ئامال قىلالىساڭ مەككىگە بېرىپ، ئۇنىڭ كېلىشىنى كۈتكىن ـ دەپتۇ ۋە ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ.

سەلمان (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) مەككىگە بارىدىغان كارۋانغا ئۆزىنىڭ بارلىق مال ـ مۈلكىنى بېرىپ، ئۆزىنى مەككىگە ئاپىرىپ قويۇشنى تەلەپ قىلىپتۇ. ئۇلار ماقۇل بولۇشۇپتۇ. ئەمما ئۇلار ئۇنى قۇبادىكى بىر يەھۇدىغا **قۇل** ئورنىدا سېتىۋېتىپتۇ. ئۇنى سېتىۋالغان يەھۇدى ئۇنى مەدىنىدىكى بىر تۇغقىنىغا سېتىۋېتىپتۇ. سەلمان (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) مەدىنىگە كېلىپ، بۇ شەھەرنىڭ ئۇستازى **تەسۋىرلەپ** بەرگەن پەيغەمبەر ھىجرەت قىلىدىغان شەھەر ئىكەنلىكىنى **دەڭسەپتۇ**. ئۇ پەيغەمبەرنىڭ كېلىشىنى تۆت كۆزى بىلەن كۈتۈپتۇ. ئۇ كۈن بويى ئېغىر ئەمگەك قىلىدىغان بولغاچقا، شەھەردە بولغان ئىشلاردىن بىخەۋەر قالىدىكەن. بىر كۈنى سەلمان (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) خورما دەرىخى ئۈستىدە ئىشلەۋاتقاندا، خوجايىنى بىر كىشى بىلەن يېڭىدىن ھىجرەت قىلىپ كەلگەن پەيغەمبەر توغرىسىدا سۆزلىشىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۆزىنى تۇتىۋالالماي يىقىلىپ

چۈشۈشىدىن ئەنسىرەپ دەرەختىن ئاستا چۈشۈپتۇ. ئۇ ھاياجان بىلەن :«نېمە دەۋاتىسىلەر؟ بايىقى گەپنى ماڭا يەنە بىر دەپ بېرىڭلارچۇ؟»دەپتۇ. خوجايىنى ئاچچىقلاپ، ئۇنىڭ **كاچىتىغا** بىرنى سايتۇ.

سەلمان (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) بىر ئامالLارنى قىلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن كۆرۈشۈپتۇ. ئۇنىڭغا «سەدىقە» دەپ خورمىلارنى بېرىپتۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزى يېمەي، باشقىلارنى يېيىشكە تەكلىپ قىلىپتۇ. ئۇنىڭغا «ھەدىيە» دەپ خورمىلارنى بەرگىنىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى باشقىلار بىلەن بىللە يەپتۇ. سەلمان (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىك مۆھۈرىنى كۆرۈش ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپتۇ. بۇنى سەزگەن پەيغەمبىرىمىز، تونىنى سېلىپ ئۇنىڭغا پەيغەمبەرلىك مۆھۈرىنى كۆرسىتىپ قويۇپتۇ. بۇلاردىن **كۆڭلى تىنغان** سەلمان (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ)پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئۆزىنىڭ ئىسلام دىنىغا كىرگەنلىكىنى بىلدۈرۈپ، شاھادەت كەلىمىسى ئېيتىپتۇ. ئۇ كۆز ياشلىرىنى تۆككىنىچە، ئاللاھقا ھەمدىلەر ئېيتىپتۇ. سەلمان (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) ھەق دىننى ئىزدەش يولىدىكى سەرگۈزەشتىلىرىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا سۆزلەپ بېرىپتۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ناھايىتى تەسىرلىنىپتۇ ۋە ئۇنىڭغا باشقىلارغىمۇ سۆزلەپ بېرىشنى ئېيتىپتۇ. باشقا ساھابىلەرمۇ ئاڭلاپ تەسىرلىنىپ كۆز يېشى قىلىشىپتۇ.

سەلمان (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) كېيىن، ئاۋۋال ئاللاھنىڭ ئاندىن

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە باشقا مۇسۇلمانلارنىڭ ياردىمى بىلەن قۇللۇقتىن **ئازاد** بولۇپ مۇسۇلمانلارغا قېتىلىپتۇ ۋە ئاللاھ يولىدا **پىداكارلىق** كۆرسىتىپتۇ. ئۇنى ئەنسارىلار ۋە مۇھاجىرلار بىزگە تەۋە دەپ تالاشقاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ ھەقىقەت ئۈچۈن بارلىقىنى ئاتىغاچقا مىنىڭ **ئەھلىمدىن** دېگەن. ئۇ پۈتۈن **ياشلىق باھارىنى** سەرپ قىلىپ ئىزدىگەن ھەقىقەتنى تاپقىنىغا شۈكرى قىلىپ، ئۆمرىنى ئاللاھقا **پۈتۈنلەي** بويسۇنۇپ قۇلچىلىق قىلىش بىلەن ئۆتكۈزۈپ، ئىخلاسمەن بەندە ھالىتىدە بۇ دۇنيا بىلەن خوشلىشىپتۇ.

## كۆنۈكمە

1. تېكىستنى ئەستايىدىل، راۋان ئوقۇپ چىقىپ مەزمۇنىنى چۈشىنىۋېلىڭلار.
2. يېڭى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى بىلىۋېلىڭلار:

مەجۇسىي فارىس ئۇقۇمۇشلۇق كۆڭۈل بۆلۈش زۆرۈر
خىرىستىئان چىركاۋ كارۋان ۋاز كەچمەسلىك مەنبە
سەدىقە تەسىرلىك ئالەمدىن ئۆتۈش ئەپتى-بەشىرىسى
لەنەت تاپىلاش سەرگۈزەشتە قىزغىنلىق بىلەن
ئەجەل ھەدىيە قۇل تەسۋىرلەش دەڭسىمەك
كاچات مۆھۈر كۆڭلى تىنىش ئازاد پىداكارلىق ئەھلى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ياشلىق باھارى        پۈتۈنلەي

3. سۆزبىرىكمىسى تۈزۈڭلار :

ئۇقۇمۇشلۇق ____، ____     ئېغىر ____، ____     زۆرۈر ____، ____

قىزغىنلىق بىلەن ____، ____        تەسىرلىك ____، ____

4. سەلمان(رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) قانداق ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن ؟

5. سەلمان (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ)ھەق دىننى ئىزدەش ئۈچۈن كىملەر بىلەن كۆرۈشتى؟

6. سەلمان (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ)ھەق دىننى ئىزدەش يولىدا قانداق قىيىنچىلىقلارغا ئۇچرىدى؟ ئۇ بۇ قىيىنچىلىقلار ئالدىدا قانداق قىلدى؟

7. سەلمان (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) ئاخىرى ھەقىقەتنى قانداق تاپتى؟

8. سەلمان (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ)نىڭ ھەقىقەتنى ئىزدەشتىكى ئىرادىسىدىن سىز قانداق تەسىراتقا ئىگە بولدىڭىز؟

9. ھىكايىنى ئۆز تىلىڭلارغا ئايلاندۇرۇپ بايان قىلىڭلار.

10. جۈملە تۈزۈڭلار:

كۆڭۈل بۆلۈش     سەرگۈزەشتە     ياقتۇرماق     دەڭسىمەك

ئۆزىنى تۇتۇۋالماي     ياشلىق باھارى

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

## 23. بەندىنىڭ قۇللىقىدىن ئاللاھنىڭ قۇللىقىغا ئۆتكەن - بىلال (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ)

بىلال (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ)نىڭ ئاتا-ئانىسى **ھەبەشىستانلىق** بولۇپ، مەككىگە قۇل قىلىپ سېتىلغان ئىدى. بىلال (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) مەككىدە تۇغۇلۇپ-ئۆسكەن بولۇپ، **ياڭراق** ئاۋازى ۋە ئەقىللىقلىقى بىلەن خوجايىنىغا **يېقىپ قالغان** ئىدى. خوجايىنى ئۇمەييە ئىبنى خەلەف بىلال (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) نى باشقا قۇللاردىن ئۈستۈن كۆرۈپ، ئىسىل كىيىملەرنى بىرەتتى ۋە مېلىنى تاپشۇرۇپ سەپەرگە ئەۋەتەتتى.

بىر قېتىملىق سودا سەپىرى بىلال (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ)نىڭ ھاياتىنىڭ ئۆزگىرىشىدە زور **رول ئوينىغان** ئىدى. ئۇنى خوجايىنى كۆپ مال بىلەن شامغا بارىدىغان كارۋانغا قوشۇپ قويىدى. كارۋاندا ئەبۇ بەكرى (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ )مۇ بار ئىدى. سەپەر جەريانىدا بىلال (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) ئەبۇ بەكرى(رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ) بىلەن ناھايىتى **چىقىشىپ** قالدى. شامدا سودا قىلىۋاتقان مەزگىلدە، ئەبۇ بەكرى (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) ئاجايىپ بىر چۈش كۆرۈپ، **تەبىرىنى** بىلىش ئۈچۈن شامدىكى چىركاۋغا ماڭغاندا، بىلال (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ)مۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە باردى. راھىب ئەبۇ بەكرى (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ )

نىڭ چۈشىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ يۇرتى، **كەسپى** قاتارلىقلارنى سورىدى. ئاندىن:

ــ سەن پات-ئارىدا كىلىدىغان پەيغەمبەرنىڭ دوستى، ئۇنىڭدىن كيىن خەلىپىسى بولغۇدەكسەن ــ دېدى.

بۇنى ئاڭلىغان بىلال (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ) قىزىقىپ سورىدى :

ــ پەيغەمبەرنى كىم ئەۋەتىدۇ؟ هۇبەلمۇ ياكى ئۇززامۇ؟

ــ ھەممىنى ياراتقان يالغۇز ئاللاھ ئەۋەتىدۇ، پەيغەمبەر پەقەت ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىدۇ، بۇتلارنى چاقىدۇ ــ دېدى راھىب.

بۇ سۆزلەر ئىككەيلەنگە بۇلۇپمۇ بىلال (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ)غا بەك تەسىر قىلدى. چۈنكى بىلال (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) بۇتلارنىڭ چېقىلىشىنى پەقەت تەسەۋۋۇر قىلالمايۋاتاتتى.

بىلال (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) سەپەردىن كىلىپلا، كەئبىنى **تاۋاپ** قىلدى. ئۇنىڭ قەلبىنى ئاجايىپ بىر خىل **تۇيغۇ** قاپلىدى. ئۇ ئاندىن باشقا بۇتلارنىڭ ئالدىغا باردى. ئۇلارغا دۇئا قىلىۋاتقاندا، بايىقى تۇيغۇنىڭ ئورنىنى بىر خىل **سقىلىش** ئالدى. ھەتتا ئۇ گەپلىرىنىمۇ قاملاشتۇرالماي **دۇدۇقلاپ** قالدى.

ئۇ كەئبىدىن يېنىپ خوجايىنى بىلەن كۆرۈشتى. خوجايىن سودىنىڭ پايدىسىنى ھېسابلاش بىلەن **ئاۋارە** بولۇپ، بىلال (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) غا كۆز قىرىنىمۇ سېلىپ قويمىدى. بۇ، خوجايىنىدىن مۇۋاپىقيەتلىك تىجارەت قىلىپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن **ماختاش** ياكى مۇكاپات كۈتۈپ تۇرغان بىلال (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ)نى تولىمۇ **ئۈمىدسىزلەندۈردى**. ئۇ ئاستا ياتاق ئۆيىگە قايتتى. ئۇ

ئويلىنىشقا باشلىدى: «مەن نېمە ئۈچۈن باشقىلارنىڭ قۇلى بولىمەن؟ خوجايىنىمۇ ماڭا ئوخشاش ئادەم تۇرسا، خوجايىنىنىڭ مىنى ماختاشلىرى ۋە ماڭا بەرگەنلىرى پەقەت مەندىن پايدىلىنىش ئۈچۈنلا ئىكەن. مەن خوجايىن نېمىگە بۇيرىسا خالىمىسام شۇنى قىلىشقا مەجبۇرمەن. ئۇنىڭ ئىلاھىغا چوقۇنىمەن، ئۇ ئىلاھنىڭ راست يالغانلىقىنىمۇ بىلمەيمەن. مەن بىر ئۆمۈر قۇل بولۇپ خوجايىنىنىڭ **ئىرادىسى** بويىچە ياشارمەنمۇ؟ ». بىلال (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) مۇشۇلارنى ئويلاپ تۇرىۋاتقاندا، بىر توپ ياشلار كېلىپ ئۇنى ناخشا ئېيتىپ بىرىشكە **تەكلىپ قىلدى**. ئۇ خالىمىسىمۇ بىر قۇل بولغاچقا، ئامالسىز ناخشا ئېيتىشقا باشلىدى. بىلال (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ)نىڭ **ھەسرەتلىك** ناخشىسىدىن ئۇلار ھوزۇرلىنىشقا باشلىدى.

بىر كۈنى كىچىدە بىلال (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) بىرسىنىڭ ئۇنى چاقىرىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدى. ئاستا چىقىپ قارىسا، ئەبۇ بەكرى (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) ئىكەن. ئەبۇ بەكرى (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) ئۇنىڭغا :

ـ خۇشخەۋەر بىلال، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى راستىنلا كەلدى! ـ دىدى.

بىلال (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) چۆچۈپ :

ـ ئۇ كىم؟ ھازىر نەدە؟ ـ دەپ سورىدى.

ئەبۇ بەكرى (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ):

ـ ئۇ ئابدۇللاھنىڭ ئوغلى مۇھەممەد(سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم)، ئۇنىڭغا ئاللاھ ئۆز سۆزلىرىنى نازىل قىلىپ،

ھەممەيلەننىڭ ئاللاھنىڭ **باراۋەر** بەندىلىرى ئىكەنلىكىمىزنى، بىر-بىرىمىزدىن پەقەت تەقۋادارلىق ۋە ياخشى ئەمەللەر ئارقىلىقلا ئۈستۈن بولالايدىغانلىقىمىزنى – ئېيتتى دېدى ئەبۇ بەكرى (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ)ھاياجانلىنىپ.

– شۇنداقمۇ؟! – دېدى بىلال (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) خۇددى يۈتتۈرۈپ قويغان نەرسىسىنى تېپىۋالغاندەك خوشال بولۇپ.

– شۇنداق، پەقەت بىزنى ۋە ئاسمان-زېمىننى ۋە بارچىنى ياراتقان ئاللاھلا ھەقىقى ئىلاھتۇر، ئۇلا بىزنىڭ رەببىمىز، پەقەت ئۇلا بىزنىڭ ئىبادىتىمىزگە لايىقتۇر – دېدى ئەبۇ بەكرى (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ).

– ئاللاھتىن باشقا ئىلاھلار يالغان، شۇنداقمۇ؟ – سورىدى بىلال (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ).

– شۇنداق، سەنمۇ ئاللاھنىڭ **ھۆر** بەندىسى بىلال، شۈكرى قىلىش بىلەن ئاللاھقا ئىمان كەلتۈر، «ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ئەلچىسى» دەپ گۇۋاھلىق بەرگىن – دېدى ئەبۇ بەكرى (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ).

بىلال (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) بىر پەس ئويلىنىپ تۇرۇپ قالدى:« توغرا ھەممە ئىنسان يارىتىلغان قۇلدۇر. ئۇ پەقەت ئۆزىنى ياراتقان رەببىنىڭلا قۇلى بولىشى كېرەك. تاش ياغاچلاردىن ياسالغانلارنىڭ قولىدىن نېمە كېلىدۇ؟ ئۇ پەقەت بۇرۇنقىلارنىڭ **ئويدۇرمىلىرىكەن** خالاس». ئۇ ئاخىرى قەتئىي نىيەتكە كەلدى ۋە:

– گۇۋاھلىق بىرىمەنكى ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر، مۇھەممەد

ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ـ دېدى.

بۇنى ئاڭلاپ ئەبۇ بەكرى (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) سۆيۈنۈپ :

ـ سېنى ھىدايەت قىلغان ئاللاھقا ھەمدىلەر بولسۇن ـ دەۋەتتى.

ئىككەيلەن يۈگۈرۈن ھالدا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن كۆرۈشۈپ بىلال (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) ئۇنىڭغا **بەيئەت** قىلدى. شۇندىن ئېتىبارەن بىلال (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ)نىڭ ھاياتى پۈتۈنلەي ئۆزگەردى.

قۇلىنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىنى بىلگەن ئۇمەييە غەزەپتىن يېرىلىپ كىتەيلا دەپ قالدى. ئۇ ئۇچقاندەك ئۆيىگە بېرىپ، بىلال (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ)نى «سەن مىنىڭ قۇلۇم تۇرساڭ، مىنىڭ رۇخسىتىمسىز باشقا دىنغا كىرىپسەن» دەپ دىنىدىن يېنىشقا **زورلىدى**. دەسلەپىدە ئۇرۇپ باقتى. ئۈنۈمگە ئېرىشەلمىگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ بوينىدىن باغلاپ، كىچىك باللارغا تۇتقۇزۇپ، سۆرەپ پۈتۈن شەھەر كوچىلىرىنى ئايلاندۇرۇپ كېلىشكە بەردى. ئۇچرىغان كىشىلەر بىلال (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ)نى مەسخىرە قىلاتتى. بىلال (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) بولسا **تەمكىن** ھالدا «ئەھەد...ئەھەد...»دەپ **پىچىرلايتى**. بۇمۇ بىلال (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ)نى دىنىدىن قايتۇرالمىدى. ئەكسىچە ئۇنىڭ ئىمانى بارغانسىرى كۈچىيىشكە باشلىدى. بىلال (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) ئۆزىگە ئادىمىلىك ھۆرمىتىنى تونۇتقان، قاراڭغۇلۇقتىن يورۇقلۇققا چىقارغان ھەق دىنىدىن ھەرگىز قايتماسلىق نىيىتىگە كەلگەن ئىدى. ئۇمەييە **ۋەھشىيلىشىپ**، ئۇنى ئۆلتۈرۈش نىيىتىگە كەلدى.

بىراق ئۇنى ئاسانلا ئۆلتۈرىۋەتمەي، باشقىلارغا ئىبرەت قىلىش ئۈچۈن تېخىمۇ قاتتىق قىيناشنى لايىق تاپتى.

تۇخۇم قويسا پىشىدىغان **پىژغىرىم** ئاپتاپ چىققان بىر كۈنى ئۇمەييە بىلال (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ)غا تۆمۈر **ساۋۇت** كىيدۈرۈپ، قىززىق قۇم ئۈستىدە ياتقۇزۇپ قىينىدى. بىلال (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) ئازابقا بەرداشلىق بېرىپ: «ئەھەد...ئەھەد...» دەپ پىچىرلايتتى. بىر هازا قىينىغاندىن كېيىنمۇ، كۈتكىنىگە ئېرىشەلمىگەن ئۇمەييە يوغان بىر تاشنى بىلال (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ)نىڭ كۆكسىگە قويۇپ، ئۈستىدىن بېسىپ تۇرۇپ :«مىنىڭ ئىلاھىم ئۇززا دېسەڭ، بۇ ئازابتىن قۇتۇلىسەن»دېدى. بىلال (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) چىدىغۇسىز ئازاپقا **بەرداشلىق بېرىپ** يەنە :«ئەھەد...ئەھەد...» دېيىشكە باشلىدى. مۇشۇ ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن كۆرۈشۈپ يانغان ئەبۇ بەكرى (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ)، كىشىلەرنىڭ توپلىشىۋالغانلىقىنى كۆرۈپ بىر ئىش بولغانلىقىنى **كۆڭلى تۇيۇپ** ئۇ جايغا باردى. قىينىلىۋاتقان هالدا «ئەھەد...ئەھەد...» دەۋاتقان بىلال (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ)نى كۆرۈپ، ئەبۇ بەكرىنىڭ **ئىچى سىيرىلىپ** كەتتى. ئۇمەييەگە:

ــ رەببىم ئاللاھ دېگەن كىشىنى مۇشۇنداق قىينامسەن؟ ــ دېدى.

ئۇمەييە:

ــ ئۇنى بۇزغان سەن ئەبۇ بەكرى، قېنى ئەمدى ئۇنى **قۇتقۇزمامسەن؟**ــ دېدى.

ــ ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن ئەلۋەتتە قۇتقۇزىمەن، ئۇنى ماڭا



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سېتىپ بەرگىن ـ دېدى ئەبۇ بەكرى(رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ).

ـ بولىدۇ، 10 ئوقىيەگە ساتىمەن ـ دېدى ئۇمەييە.

ـ بۇلدۇ ـ ئەبۇ بەكرى (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) پۇلنى ئۇنىڭغا بەردى ۋە بىلال (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) نىڭ ئۇستىدىكى تاشنى ئېلىۋېتىپ، ئۇنى باغلاقتىن **بوشاتتى**.

ـ ئەگەر10 دىرھەمگە ئالىمەن دېسەڭمۇ سېتىۋېتەتتىم ـ دېدى ئۇمەييە.

ئەبۇ بەكرى (رەزىيەللاھۇئەنھۇ):

ـ ئەگەر 100 ئوقىيەگە ساتىمەن دېسەڭمۇ بەرگەن بۇلاتتىم ـ دېدى.

ئەبۇ بەكرى(رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) ئاللاھ **رازىلىقى** ئۈچۈن بىلال (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ)نى ئازاد قىلىۋەتتى. بىلال (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن ھۆرلۈككە ئېرىشىپ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سادىق ھەمراھىغا ئايلاندى.

كېيىن بىلال (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) ئاللاھنىڭ سادىق قۇلى بولۇپ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئەگەشتى. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە باشقا ساھابىلار بىلەن مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ياڭراق ئاۋازى بىلەن ئەزان ئېيتىپ، كۈنىگە بەش قېتىم ئىسلامنىڭ **ساداسىنى** ياڭراتتى. ئۇ ئۆمرىنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سادىق خەزىنىچىسى ۋە ئاللاھنىڭ ئىخلاسمەن بەندىسى بولۇپ ئۆتكۈزدى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام جەننەتتىن بىلال (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ)نىڭ ئاياغ **تىۋىشىنى**

www.uyghurkitap.com

ئاڭلىغانلىقى بىلەن خۇشخەۋەر بەرگەن ئىدى. بەندىنىڭ قۇللۇقىدىن ئاللاھنىڭ قۇللۇقىغا ئۆتكەن بىلال (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ)ھەقىقەتەن ئاللاھ رازى بولغان قۇل بولغان ئىدى.

## كۆنۈكمە

1. تېكىستنى ئەستايىدىل، راۋان، پىششىق ئوقۇپ چىقىڭلار.
2. يېڭى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى بىلىۋېلىڭلار:

ھەبەشىستان ياڭراق يېقىپ قىلىش رول ئويناش
چىقىشىش تەبىر كەسىپ تاۋاب تۇيغۇ سىقىلىش
دۇدۇقلاش ماختاش ئۈمىدسىزلىنىش ئاۋارە ئىرادە
تەكلىپ قىلىش ھەسرەتلىك باراۋەر ھۆر بەيئەت
زورلاش ئويدۇرما پىچىرلاش تەمكىن ۋەھشىي
پىژغىرىم ساۋۇت بەرداشلىق بېرىش كۆڭلى بىر نەرسىنى
تۇيۇش ئىچى سىيرىلىش قۇتقۇزۇش بوشىتىش رازىلىق
سادا تىۋىش

3. سۆز بىرىكمىسى تۈزۈڭلار:

ياڭراق ____، ____ زور ____، ____ ئاجايىپ ____، ____
تەمكىن ____، ____ ۋەھشىي ____، ____ پىژغىرىم ____، ____

4. بىلال (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ)قانداق ئائىلىدە توغۇلغان؟
5. بىلال (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) ئىنسانغا قۇل بولۇپ، قانداق ھېسياتتا ياشايتتى؟

6. بىلال(رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) ئەبۇ بەكرى(رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ)نىڭ دەۋىتىنى ئاڭلىغاندا نېمە ئۈچۈن يۇقىتىپ قويغان نەرسىسىنى تېپىۋالغاندەك خوشال بولۇپ كىتىدۇ؟

7. بىلال (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ)مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن قانداق ئەرزىيەتلەرگە ئۇچرىدى؟ ئۇ ئەرزىيەتلەرگە ئۇچرىغاندا قانداق قىلدى؟ ئاللاھ ئۇنى بۇ ئەرزىيەتلەردىن قانداق قۇتقۇزدى؟

8. سىز بىلال (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ)نىڭ مۇستەھكەم ئىرادە بىلەن ھەق دىنىدىن يانمىغان روھىدىن قانداق تەسىراتقا كەلدىڭىز؟

9. ھىكايىنى ئۆز تىلىڭلارغا ئايلاندۇرۇپ بايان قىلىڭلار.

10. جۈملە تۈزۈڭلار :

ئۈمىدسىزلەنمەك يۇقىتىپ قويغان نەرسىسىنى تېپىۋالغاندەك خوشال بۇلۇش غەزەپتىن يېرىلىش ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن خۇش بىشارەت تۇخۇم قويسا پىشىدىغان ئىسسىق

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

## 24. ساھابىلەر

ئەبۇ بەكرى، ئۆمەر، ئوسمان، ئەلى، ھەمزە،

مۇئاۋىيە، ئەبۇ سۇفيان، ئىبنى ئۆمەر.

قاراڭغۇ يول ياقىسىدا نۇرلۇق جىلۋە،
تا قىيامەتكىچە بىزگە **ھۆججەت** ساھابىلەر.

مەن سىزنى ياخشى كۆردۇم، ياخشى بىلدىم،
ھاياتىڭىزنى ھاياتىمغا ئۆرنەك قىلدىم.
رەسۇلۇللاھ بولدى **يولباشچىم**،
يوللىرىمغا نۇر ۋە **ھىممەت** ساھابىلەر.

غاردا قالغان **بۇرادىرىمنى** ئويغاتماي دەپ،
ئەبۇ بەكرى چايان چاقسا تۇردى چىداپ.
مىراج كۈنى سىددىق بولدى ئەيلەپ خىتاپ،
تەستىقلايمەن بارچىنى پەقەت، ساھابىلەر .

ئايال ھەق سۆز ئېيتسا ئۇنى توغرا بىلىپ،
ئۆمەر ئۆزتتى ئادالەتنى بەرپا قىلىپ.
ھۆرمىتىنى بىر لىباسقا **دارغا** ئېلىپ،
قەلبى بىلەن كۆرسىتىپ خەت، ساھابىلەر.

ئەبۇ سۇفيان، ھەمزىگە باش ئەگمەك زۆرۈر،
ئۇندا **شەرەپ**، ئۇندا **پەخىر**، ئۇندا **غۇرۇر**.
ئالەم سىزگە باش ئەگسە ھەم قەلبى **مەغرۇر**،
باقمىدىڭىز بىرەر سائەت، ساھابىلەر.

**پايىگىزدا** ئالتۇن، ئالتۇن دۇنيا ئاقتى،
رۇمدىن تارتىپ ئىرانگىچە **مەمنۇن** باقتى.
بىرلا سىزنىڭ پايىگىزدا خوپ يۇلۇقتى،
بىر قىممىتى يوق **سەلتەنەت**، ساھابىلەر.

سۆز يەكۈنى شۇدۇر سىزلەر ئىسلام ئەھلى،
ئۆمەر ئۆتتى، ئۆتتى ئوسمان، ئۆتتى ئەلى.
ئۇچرىشارمىز بىر كۈن ئىنشا ئاللاھ، ھېلى،
**ۋەتىنىمىز** بولسا جەننەت، ساھابىلەر.

## كۆنۈكمە

1. شئىرنى جانلىق، راۋان ئوقۇڭلار ۋە يادلىۋېلىڭلار.
2. يېڭى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى بىلىۋېلىڭلار:
ھۆججەت يولباشچى ھىممەت بۇرادەر دار شەرەپ پەخىر غۇرۇر مەغرۇر پايە مەمنۇن سەلتەنەت ۋەتەن
3. شېئىرنىڭ ھەر كۇبلېتىنىڭ مەزمۇنىنى بىلىۋېلىڭلار.
4. شېئىردا تىلغا ئېلىنغان ساھابىلەرنىڭ ئۆزەڭلار بىلىدىغان ئىش-ئىزلىرىنى بايان قىلىڭلار.
5. ساھابىلەرنىڭ ئىش- ئىزلىرنى ئۆگىنىشنىڭ قانداق ئەھمىيىتى

بار؟

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

# مەشىق باغچىسى

1. تۆۋەندىكى مەنىداش سۆزلەرنى ئۆگىنىۋېلىڭلار:

پارقىراش ـ چاقناش ـ پارلاش   ھىدايەت قىلىش ـ توغرا يولغا باشلاش

بىزەش ـ زىننەتلەش   دىيار ـ يۇرت ـ ماكان   ياخشى كۆرمەك ـ

ئامراق بولماق   ئالەمدىن ئۆتمەك ـ ۋاپات بولماق ـ جان ئۈزمەك

2. تۆۋەندىكى سۆز ـ ئىبارىلەرنى ئىشلىتىشنى ئۆگىنىۋېلىڭلار:

قەتئىي ۋاز كەچمەسلىك   ۋەز ـ نەسىھەت   ئەپتى ـ بەشىرە

بارلىقىنى ئاتاش   كۆڭلى بىر نەرسىنى تۇيماق   غەزەپتىن

يېرىلىپ كېتەيلا دەپ قالماق

3. سۆز بىرىكمىسى تۈزۈڭلار:

___، ___ ئاۋاز   ___، ___ قۇل   ___، ___ تۇيغۇ

ئۇقۇمۇشلۇق ___، ___   زۆرۈر ___، ___   تەسىرلىك

___، ___ شەرەپ ___، ___   ___، ___ سەلتەنەت

4. ئوخشىتىش.

1) شەيئىلەرنىڭ ھالىتى، ئالاھىدىلىكىنىڭ ئوخشىشىغا ئاساسەن بىر ـ بىرىگە ئوخشىتىپ تەسۋىرلىگەندە، تېخىمۇ جانلىق، ئوبرازلىق

تەسۋىرلىگىلى بولىدۇ. مەسىلەن:
يوقىتىپ قويغان نەرسىسىنى تېپىۋالغاندەك خوشال بولۇش،
ئالمىدەك قىزىرىش، بۇلۇتتەك ئاپئاق.
2)«دەك،تەك» قوشۇمچىسى ئارقىلىق ئوخشىغان شەيئىنى ئوخشالغان شەيئىگە باغلايمىز.
تۆۋەندىكى ئوخشىتىشلاردىكى ئىككى شەيئى ئوتتۇرىسىدىكى ئورتاق ئالاھىدىلىكنى ئېيتىپ بېرىڭلار.
پاختىدەك يۇمشاق سۈتتەك ئاق تۇلۇنئايدەك پارقىراق
يوقىتىپ قويغان نەرسىسىنى تېپىۋالغاندەك خوشال بولۇش
يۇلتۇزدەك چاقناش ئۇچقاندەك يۈگرەش
4. تۆۋەندىكى سۆزلەرنى باغلاپ ئوخشىتىش ياساڭلار:

| | |
|---|---|
| تاغدەك | نۇرلۇق |
| تۈندەك | قاراڭغۇ |
| قۇياشتەك | قىزىل |
| ئالمىدەك | پارقىراق |
| پاختىدەك | يۇمشاق |
| سۈتتەك | ئاپئاق |
| يۇلتۇزدەك | مۇستەھكەم |

5. پىكىر بايان قىلىڭلار.
تۆۋەندىكىلەرنى ئوقۇپ، ئۆزىڭىز توغرا دەپ قارىغان جاۋابنى تاللاڭ ۋە تاللىغان جاۋابىڭىزنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈڭ:

1)سەلمان فارىسى (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ)نىڭ ھەق دىننى تېپىشىغا ئەڭ تۈرتكىلىك رول ئوينىغان سەۋەب قايسى؟

ئا: ئاتىسىنىڭ ئۇنى بەك ياخشى كۆرىشى. ب: ئاتىسىنىڭ ئۇقۇمۇشلۇق ئادەم بولغانلىقى. س: دىنلارنى سېلىشتۇرۇپ ئاساسىنى ئىزدەش.

2) سەلمان فارىسى (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) نېمە ئۈچۈن ھەق يولدا بولۇش ئۈچۈن شۇنچە تىرىشىدۇ؟

ئا: ئۇ دىندا پىشۋا بولۇپ نام شۆھرەتكە ئېرىشمەكچى.

ب: ئۇ بىر ئەقىللىق ۋىجدانلىق ئادەم بولغاچقا ئۆزىنىڭ ھەقىقى رەببىگە ئىبادەت قىلىشنى ئۆزىنىڭ ھايات نىشانى قىلغان.

س: ئۇ دىندىن پايدىلىنىپ مال-دۇنيا توپلىماقچى.

3)بىلال (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) نىڭ بەندىگە قۇل بولۇشتىن ئاللاھقا قۇل بولۇشقا ئۆتىشىگە تۈرتكىلىك بولغان سەۋەبلەر قايسى؟

ئا: ئۆزىنىڭ ئىنسانغا قۇل بولۇشىنىڭ ئادىللىق ئەمەسلىكىنى ھېس قىلىش.

ب: خوجايىنىنىڭ ئۇنى باشقا قۇللاردىن ئۈستۈن كۆرىشى.

س: ئۆزىنىڭ ھەقىقى خوجايىنىنىڭ كىم ئىكەنلىكى، كىمنىڭ خوجايىنلىققا لايىق ئىكەنلىكى ھەققىدە ئىزدىنىش.

د: خوجايىنىنىڭ ئۇنى تىجارەتكە ئەۋەتكەنلىكى.

4)بىلال(رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) نېمە ئۈچۈن شۇنچە قىيىن-قىستاق ئالدىدىمۇ ھەق دىندىن قايتمايدۇ؟

ئا: ئۇ بەك قاۋۇل بولغاچقا قىيناق ئۇنىڭغا ھېچقانداق ئېغىر

كەلمىگەن.

ب: ئۇ ئۆزىنىڭ توغرا يولدا ئىكەنلىكىنى، خوجايىنى بولسا زۇلۇم بىلەن ئۇنى ھەق يولدىن تۇسۇۋاتقانلىقىنى بىلىدۇ.

س: ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ ئىمانىغا سادىق بولۇش ئۈچۈن قىيناققا بەرداشلىق بەرگەن.

د: ئەبۇ بەكرى (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ)غا يۈز كىلەلمەسلىكتىن ئەنسىرەپ ئازابقا بەرداشلىق بەرگەن.

※ئاللاھنىڭ ياردىمى بولمىسا قولىمىزدىن ھېچ ئىش كەلمەيدۇ، رەببىمىز سىنى پاك دەپ مەدھىيلەيمىز، سەن بىلدۈرگەندىن باشقىنى بىلمەيمىز، رەببىمىز، ئىلمىمىزنى زىيادە قىلغىن، بىزنى ئۆزۈڭگە ئىتائەتمەن قىلغىن!※